ئۆكتەبىر 2024

ئومۇمىي 62-سان



# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر

1



يۇزلىگەن ئۇيغۇر ئالىم تۇتۇلغان

38



ئۇيغۇرلارنى خورلاش مەسىلىسى

57

2024 ئۆكتەبىر    ئومۇمىي 62-سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ئازادئاي غەيرەت
شۆھرەت تېكىن

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >



# مۇندەرىجە


## مەسىلىسىز ئۆيغىنىش

خىتايدا نەچچە يۈزلىگەن
ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈرمىگە
تاشلانغان

سەم ئالتمان تەۋسىيە قىلغان
توققۇز كىتاب 11

ھەممىمىز مەزلۇم 62

## ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر
ماھارەتلىرى

## ساغلاملىق

زاغۇنىنىڭ ساغلاملىققا بولغان
11 خىل پايدىسى 81

## كۆلىستان

ئامېرىكادىكى دۆلەت
باغچىلىرى 45

## خەلقئارا ۋەزىيەت

دېموكراتلار ۋە
جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇيغۇرلارنى
خورلاش مەسىلىسىدە خىتايغا
بېسىم ئىشلەتمەكتە

**مۇقاۋىدىكى رەسىملەردە تۆمۈر**
**خەلپە ئوبرازى**













## خىتاي تەتقىقاتى

شىفىرلىق پۇل، خىتاي ۋە
ئامېرىكا سايلىمى 90

## كۆڭۈل ۋە تەن

قانائەتچانلىقنىڭ سىرى 73

كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ
ھورۇنلۇقنى يېڭىشتىكى سەككىز
خىل ياپونچە ئۇسۇلى 68

## ئۇيغۇر تەتقىقاتى

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش
بىلەن پەخىرلەنگەن ئۇيغۇر

تۈگۈم تۈگۈم سەنئەت
ئۆيۈشمىسىنىڭ ئۆزگىچە
كۆرگەزمىسى 77

خىتايغا ماڭغان ئۇيغۇرلار 30

## تارىخ ۋە بىز

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پەلسەپىسى
تەتقىقاتچىسى يارمۇھەممەد
تاھىر تۇغلۇق 21

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك
# تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



## 12 ـ لېكسىيە: جەڭ تاكتىكىسىنى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قوراللىرى سۈپىتىدە قوللىنىش

دوكتور ستەنلى رىدگلېي

(ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

(بېشى ئالدىنقىساندا)

مەيلى سودا ـ تىجارەت ، تەنتەربىيە ، سىياسەت ۋە ياكى باشقا ھەرقانداق ساھەلەردە بولسۇن، جەڭگە ئائىت سۆزلەر تۇرمۇشىمىزدا كەڭ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، بىز نوقۇل ھالدا جەڭگە ئائىت مەزمۇنلاردىكى ئەرلىك، مەردانىلىقنىلارنىلا ئۆزلەشتۈرۈپ قالماستىن، جەڭ قىلىشتىكى ئەمەلىي ماھارەتلەرنى، ئىستراتېگىيىلەرنىمۇ ئۆگەنگىنىمىز ئەۋزەل. ئەمەلىيەتتە ئەستايىدىل ئويلىساق، جەڭ تاكتىكىسى ۋە ئىستراتېگىيىسىنى سودا ـ تىجارىتىمىزدە ۋە شەخسىي تۇرمۇشىمىزدىكى يولۇققان ھەرقانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ قورالى سۈپىتىدە قوللانساق تامامەن بولىدۇ.

**ئېنىقلىمىغا قايتا قاراپ چىقىش**

ئالدى بىلەن ئاتالغۇ مەسىلىلىرىگە قايتا قاراپ چىقىشتىن باشلايلى: ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ پەرقى بار. بۇ ئاتالغۇلاردىكى پەرقنى كۆپىنچە كىشىلەر ئېنىق ئايرىيالمايدۇ، ھەمدە بۇ ئۇقۇمدىكى قالايمىقانچىلىقلار ئۇچۇن نۇرغۇن ياخشى باھانىلەرنى كۆرستەلەيدۇ.

ئەڭ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، ئىستراتېگىيە دېگىنىمىز ئومۇمىي پىلان ، تاكتىكا بولسا شۇ پىلاننى ئىجرا قىلىشتا قوللىنىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت. ئىستراتېگىيىلىك پىلانلاشتىكى بۇ پەرقلەر ئۇزۇن تارىخى ئەنئەنىگە ئىگە ھەربىي ئىشلار ساھەسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بولۇپ، «ئىستراتېگىيە چوڭ ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، تاكتىكا بولسا تەپسىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ.» دەيدىغان كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بىز مەلۇم بىر ئىستراتېگىيىنى يولغا قويغاندا، قايسى تەپسىلاتلارنىڭ ئەھمىيەتسىز، قايسىسىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئابىدە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلەلمەيمىز. كۈچلۈك ۋە كەسكىن ئىجرا قىلىش جەريانى ۋە رىقابەتچىلەرگە قانداق ئىنكاس

قايتۇرۇش، كۆزلىگەن ئىستراتېگىيىمىز مۇقەررەر ھالدا نۆۋەتتىكى جىددىي ئىستراتېگىيەنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كىرىدۇ.

نەزەر ـ دائىرىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىستراتېگىيىچىسى رىچارد رۇمېلت ئىلگىرى مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىستراتېگىيە بولغان نەرسە يەنە بىركىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تاكتىكا بولۇشى مۇمكىن، يەنى نېمىنىڭ ئىستراتېگىيە بولۇشى سىزنىڭ نەدە تۇرىۋاتقانلىقىڭىزغا باغلىق». مەسىلەن، كارخانا ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كەسپىي تارماقلارنىڭ بۇ تاكتىكىلارنى يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما ھەر بىر يەككە كەسپىي تارماقلار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ تاكتىكىلار بەلكىم شىركەت ئىستراتېگىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.

ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئىجرا قىلىشنى ئىستراتېگىيىنىڭ ئۆگەي بالىسىغا ئوخشاتساق، ئىجرا قىلىنىشقا ئەگىشىپ تاكتىكا ئىستراتېگىيەدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ لېكسىيەدە بىز بۇ تېخنىكىلارنى ئىستراتېگىيىلىك چارىلەر دەپ ئاتايمىز. ئۇلارنى ئىشلىتىشتە، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، كۆزىمىزنى يوغان ئېچىپ، ھەمىشە يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى ئىزدەپ، مەغلۇپ بولغان پىلاندىن ۋاز كېچىپ، غەلىبە قىلغان پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزگە توغرا كەلگەن ئىستراتېگىيەنى رېئال دۇنيادىكى بىر يۈرۈش ھەرىكەت ۋە ئىنكاسلاردا گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەك..

**ئىستراتېگىيلىك چارىلەر**

جەڭ مەيدانىدا قوللىنىلغان نۇرغۇن ئىستراتېگىيىلىك چارىلەرنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ھەم ئىنسان تەبىئىتىنىڭ تۇراقلىقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئىستراتېگىيىلىك پرىنسىپلارنى ئارمىيە سەۋىيەسىگە كۆتۈرۈپ، پۈتۈن قوشۇندىكى مىڭلىغان قوراللىق جەڭچىلەرگە ئىشلىتىشكىمۇ ياكى يەككە ئەسكەرسەۋىيەسىدە قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ.

ئىستراتېگىيىلىك چارىلەرنى يولغا قويۇشنىڭ خۇددى سودا ـ تىجارەت ۋە تەنتەربىيە ساھەسىگە ئوخشاش سورۇنلىرى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ سورۇنلار، توقۇنۇش دەرىجىسى ۋە زوراۋانلىق دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ.

ئىستراتېگىيىلىك چارىلەرنىڭ سۈرئىتى بەزىدە ئاڭلىق تەپەككۇردىن تېز بولىدۇ. ،مەسىلەن قىلىچۋازلىق ماھارىتىدە،_ئىككى رەقىبىنىڭ ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە چارىلىرى ھەرىكەتچان ۋە راۋان جەڭ ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىدۇ. ھەر بىر رەقىب ئۆزى ياراتقان ھۇجۇم لىنىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان باشقا ئەۋزەللىكلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەييار تۇرىشى كېرەك.

قىلىچۋازلىق ماھارىتى ۋە ئۇ پەيدا قىلغان سۈرئەت، توقۇنۇش ۋە رىقابەتكە مۇناسىۋەتلىك تېخمۇ كەڭ پاكىتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ: ئەمەلىيەتتە، قىلىچۋازلىق جەريانىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ھېچقاچان ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزۈلگەن ئىستراتېگىيىلىك پىلاننىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەربىي پرىنسىپلاردىكى تېز، ئۆزگىرىشچان چارىلەرنى جانلىق قوللانغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھەمە چارە ياكى ھۇجۇم تاكتىكىسىھەممە ئەھۋاللارغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ئىستراتېگىيىلىك چارىلەر چوقۇم ئومۇمىي پىلان ۋە داۋاملىشىۋاتقان جەڭنىڭ شارائىتى، ئاللىقاچان سادىر بولغان ۋەقەلەر ھەمدە نۆۋەتتىكى ئىقتىدارىڭىزغا ئاساسەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

**ئۇدۇلدىن ھۇجۇم ~~قىلىش~~**

ئۇدۇلدىن ھۇجۇم  دېگەنلىك ئېنىقكى دۈشمەن سېپىگە ئۇدۇل تەرەپتىن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىش دېگەننى كۆرسىتىدۇ. نورمالدا، جەڭ مەيدانىنى تاللىغان دۈشمەن، ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇشقىمۇ تولۇق تەييارلىق قىلغان بولىدۇ.

مۇبادا ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش سىز ئۈچۈن بىردىنبىر تاللاش يولى بولسا، ئۇنداقتا ئىمكان بار بۇ ھۇجۇمنىڭ كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، زىياننى ئازايتىشقا تىرىشىڭ. مىسال ئۈچۈن، 1944-يىلى 6-ئىيۇندىكى  ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ غەربىي ياۋروپاغا كىرگەن كۈننى ئويلىشىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ فرانسىيەنىڭ غەربىدىكى نورماندىيەدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشى يەنى ، مۇرەككەپ يەر شەكلى ۋە پۇختا تەييارلىق قىلغان دۈشمەنگە قارشى ئۇدۇلدىن قىلىنغان ئەڭ ئەجەللىك ھۇجۇم ھېساپلىنىدۇ.

فرانسىيە دېڭىز قىرغىقى ئېتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھۇجۇم قىلىشتىكى بىردىنبىر تاللىشى بولۇپ، گېرمانلارمۇ بۇنى بىلەتتى. ئەمما ئىتتىپاقداش ئارمىيە يەنىلا ھىلە ئىشلىتىپ، ھۇجۇمنىڭ كونكرېت ۋاقتى ۋە ئورنىنى گېرمانلاردىن يوشۇرۇپ قالالىغان.

سودا ـ تىجارەتتىكى ئۇدۇلدىن ھۇجۇم بىر رىقابەتچىنىڭ يەنە بىر رىقابەتچىگە قىلغان ھۇجۇمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئېپادىسى باھا ئۇرۇشىدۇر. بۇ باھا ئۇرۇشىدا پايدا ئالغۇچىلار ھەمىشە ئىستېمالچىلار بولىدۇ.

زىياننى ئازايتىدىغان باشقا چارىلەرنى ئويلاشماي تۇرۇپ، كۈچلۈك ۋە پۇختا تەييارلىق قىلغان دۈشمەنگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىش ئەخمەقلىق. بۇ بىز ئۆگەنگەن رىقابەتنىڭ ھەر بىر پرىنسىپىغا زىت. بۇ ھەم كەسپىي توقۇنۇشلارغىمۇ، ھەتتا شەخسىي توقۇنۇشلارغىمۇ توغرا كېلىدۇ.

**ۋاستىلىك ھۇجۇم چارىسى**

ۋاستىلىك ھۇجۇم چارىسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيىلىك ئىستراتېگىيىچى سىر باسىل لىدېل خارت ئوتتۇرىغا قويغان ئىستراتېگىيە ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىستراتېگىيە» (Strategy) ناملىق كىتابىدا، ئامېرىكىنىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى سەككىز قېتىملىق ئۇدۇلدىن ھۇجۇمنىڭ يەتتىسىنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە، مۇبادا ئەينى ۋاقىتتا ۋاستىلىك ھۇجۇم چارىسىنى قوللانغان بولسا، كۆزلىگەن نىشانغا ئاسانلا يېتىپلا قالماي يەنەھۇجۇم قىلغۇچىنىڭ زىياننى ئازايتىشتا زور پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

كۆچمە جەڭدە، ئىستراتېگىيەلىك چارىلەر ناھايىتى چوڭ رول ئوينايدۇ، ۋاستىلىك ھۇجۇمنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى رەقىبىڭىز سىزنىڭ مەركىزى نىشانلىرىڭىزنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بولالمايدۇ. ئىستراتېگىيىلىك پىلانلاشتا، ئوخشاش جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىككى نىشاننى ساقلاش ئارقىلىق، رەقىبىڭىزنى قايمۇقتۇرۇپ، كۈچىنىڭ بۆلۈنۈشىگە، ھەممە نەرسىدىن قوغدىنىشقا، توغرا قارار چىقىرالماسلىققا مەجبۇر قىلىسىز.

ۋىليام تېكۇمشې شېرمان (William Tecumseh Sherman) نىڭ 1864 ـ يىلىدىكى ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جورجىيە ھەرىكىتى دۈشمەننى ئۆزىنىڭ نىشانىدىن ئۈزلۈكسىز گۇمانلاندۇرۇشتىكى ياخشى مىسال بولالايدۇ. گېنېرال جوسېف جونستون (Joseph Johnston) نىڭ

قوماندانلىقىدىكى جەنۇپ ئارمىيىسى يۈرۈش جەريانىدا شېرماننىڭ مەقسىتىنى ھەرگىز قىياس قىلالمىغان.

سودا- تىجارەتتە، خۇددى ئاپتوموبىل شىركىتى ۋاسىتىلىك ھۇجۇم ئىستراتېگىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىپ، دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردىكى كىچىك تىپتىكى ئېچكى يېقىلغۇ ماتورى ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇتقا ئايلانغان. بۇ تېخنىكىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى خوندانىڭ ئاپتوموبىل ساھەسىگە كېڭىيىشىگە ئاساس سېلىپ، ھەتتا ئامېرىكىلىق ئاپتومبىل ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىمۇ ئىلاجسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان.

**ياندىن ھۇجۇم**

ياندىن ھۇجۇمقىلىش بولسا، دۈشمەننىڭ ئىككى يېنىغا يۆتكىلىپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسى بولۇپ، بۇ دۈشمەننى دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ
ھەرىكەت پىلانىنى قالايمىقانلاشتۇرىۋېتىدۇ.

ناپولېئون يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ۋە دۈشمەن ئارقا سېپىگە بۆسۈپ كىرىش تاكتىكىسى بىلەن چوڭ شۆھرەت قازانغان. گېنېرال دوگلاس ماك ئارتۇر كورېيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنچونغا قونغاندىمۇ بۇ تاكتىكىنى قوللانغان.

ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، گېنېرال شېرمان 1864- يىلى جەنۇپقا قارشى ئېلىپ بارغان جورجىيە يۈرۈشىدە كۆپ قېتىم دۈشمەننىڭ يان تەرەپلىرىدىن ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى قوللانغان. ئۇ قايتا- قايتا يۆلىپ جوزېف جونستوننىڭ قوشۇنلىرىنى يان تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، جەنۇپ ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالىنى مۇداپىئەلىنىش ئورنىدىن ۋاز كېچىپ، ئارقىسىغا چېكىنىشكە مەجبۇرلىغان.

جەنۇبتا بولسا گېنېرال روبېرت ئې. لى 1863- يىلىدىكى چانسلورسۋىل جېڭىدە، يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش بىلەن تۈيۈقسىز قوشۇن كۈچىنى كۆپەيتىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئەڭ بۈيۈك غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. لى شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ھۇجۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ تۇرغاندا، ستونۋال توماس جېكسون شىمال ئارمىيىسىنىڭ ئوڭ يېنىدىن تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى ساراسىمىگە سېلىپ تارمار قىلغان.

سودا- تىجارەتتە بولسا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ، ئۇ تەمىنلىگەن

مەھسۇلات ياكى مۇلازىمەت ۋە ھەر خىل كۈچلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشقۇددى - كىتاپخانىلاردا كۆرگىنىمىزدەك، ئاساسلىق رىقابەتچىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا دىققەت ئېتىبارىنى بېرىش ئارقىلىق،مەلۇم بىر قىستا- قىستاق بازاردىن ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن ئېچىشنى كۆرستىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىنىڭ بېشىدا، خان تاجى كولا، كوكاكولا ۋە پېپسىگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولغان، مۇبادا يان تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىشنى تاللىغان بولسا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. خان تاجى كولا 1962- يىلى تۇنجى قېتىم شېكەرسىز ئېچىملىك «Diet Rite Coke» نى بازارغا سالدى، يان تەرەپتىن قىلىنغان بۇ ھۇجۇم ئاساسلىق كولا شىركەتلىرىنى ھەيران قالدۇردى، ھەمدە 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، «Diet Rite Coke» ناملىق بۇ شكەرسىز ئېچىملىك ئامېرىكىدىكى ئەڭ بازارلىق ئېچىملىككە ئايلاندى.

رايىت كولا (RC) ئەسلىدە مەبلىغىنى "Diet Rite" غا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بازاردىكى رەھبىرى ئورنىنى مۇستەھكەملىيەلەيتتى. ئەمما بۇ شىركەت شكەرسىز ئېچىملىك بازىرىدىكى بازار رەھبەرلىك ئورنىنى مۆلچەرلىيەلمەي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغان.

رايىت كولا (RC) ئەپچىللىق بىلەن ئۇتۇق قازانغۇچىغا ئەگىشىشنىڭ ئورنىغا، ئىككى جەھەتتىن رىقابەتلىشىشنى، يەنى ئۇدۇل ھۇجۇمنى ۋە بازارنىڭ تاللىشىغا قويۇپ بېرىشنى تاللىغاچقا، ئاخىرىدا پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قالغان . "Diet Coke" نىڭ كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن رىقابەت تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىستراتېگىيەلىك قوللاش بولمىغاچقا ئاستا-ئاستا بازاردىن يوقاپ كەتكەن.

**ئارقا رايون جېڭى**

ئارقا رايون جېڭى 20- ئەسىردىكى ئۇرۇشلاردا پەيدە بولغان ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق دۈشمەنگە ھېچقانداق جاينىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ خىل ھۇجۇم دۈشمەننى ئۆزى ئالىلقاچان يەڭدىم دەپ قارىغان ساھەنى قوغداش ئۈچۈن مەبلەغ سەرپ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.

ئۇرۇشتادۈشمەنلىشىش باشلانغاندىن كېيىن، ھەر خىل ئەجەللىك ماھارەتكە ئىگە كوماندىرلار دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە يەنى ئۇرۇش تەمىناتلىرى بازىسىغا بېسىپ كىرىپ، ئۇچۇر، ئالاقە ۋە

تەمىناتىنىڭ ئالدىنقى سەپكە يەتكۈزۈلۈشىگە دەخلى تەرۇز قىلىدۇ، ھەتتا دۈشمەن قوماندانلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىقھەرخىل قالايمىقانچىلىق ۋە گۇمان پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، فرانسىيە يەر ئاستى تەشكىلاتلىرى توختىماي ئىشغالىيەتچى گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى تۇرغان. رۇسىيەدە بولسا، پارتىزانلار تاجاۋۇزچىلارغا قارشى قوراللىنىپ گېرمانلارنى ئالدىنقى سەپتىن ئەسكەر يۆتكەپ ئامبارلارنى ۋە ماشىنا ئەترىتىنى قوغداشقا مەجبۇرلىغان.

ئارقا رايون جىڭىنىڭ ھەربكەت تەپسىلاتلىرى خۇددى رەقىبىڭىز ئۈنىڭ سېپىگە سىڭىپ كىرگەنلىكىڭىزنى ھېس قىلغاندىكى پىسخىكىلىق تەسىرگە ئوخشاشلا مۇھىم.

1944 -يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇلگې جېڭىدە گېرمانلار ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن ھۇجۇمچى قىسىملارنى ئىتتىپاقداشلار ئارمىيەسىنىڭ ئارقا سېپىگە كىرگۈزۈپ، ئامېرىكا ئارمىيىسىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلماقچى بولغان.

ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش پرېزىدېنتلىق سايلاملىرىدىمۇ قوللىنىلغان، كاندىداتلار ئېلان ، شەخسىي كۈرۈنۈش ۋە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىلەر ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ ئاساسلىق قوللىغۇچىلىرىغا زەربە بەرگەن. بۇ قىلمىش رىقابەتچى كاندىداتلارنى ئۆزى ئاللىقاچان بىخەتەر دەپ قارىغان رايونلارغا مەنبە يۆتكەشكە مەجبۇرلىغان.

بۇ خىل ئۇسۇل تارىختا ئالدىنقى سەپنىڭ بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، 1864 -يىلى ، ئامېرىكا ئىتتىپاقى (Confederacy) سوغۇق پورت (Cold Harbor)تىكى جەنۇب قوشۇنلىرىنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن ، شىمال ئارمىيەسى بىخەتەر دەپ قارىغان شىمال ھۆكۈمىتىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتونغا ھۇجۇم قىلغان.

خەلقئارا سودا تىجارەتلىرىدىمۇ ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش چارىسى دائىم ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، فۇجى فىلمى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدا كوداكنىڭ ئامېرىكا بازىرىغا ھۇجۇم قىلىپ بارا- بارا بازار ئۈلۈشىگە ئېرىشكەن ھەمدە باھا جېڭىنى قوزغىغان. كوداك ياپونىيىدە قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، فۇجىنى ئۆز دۆلىتىدىكى تىجارى مەشغۇلاتىنى كۈزدىن كەچۈرۈشكە مەجبۇرلىغان.

**قايسى ئىستراتېگىيىنى قوللىنىش كېرەك؟**

قايسى ئىستراتېگىيىنى قوللىنىش كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابى نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىق: سىزنىڭ رەقىبىڭىزگە تۇتقان پوزىتسىيەرىڭىز، مەنبەلىرىڭىز، ئىقتىدارىڭىز، خەتەرلەرنى قوبۇل قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ، ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئايىڭىز ۋە ۋاھاكازالار.

ئىستراتېگىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن، تاكتىكىلىق چارىلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي ئىستراتېگىيىسى يوق تاكتىكا مەقسەتسىز توقۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ. ھەتتا مەلۇم بىر جەڭدە غەلىبە قىلىش ئېھتىماللىقىڭىزنى بىلسىڭىزمۇ، ئاقىلانىلىك بىلەن چىقىرىلغان ئىستراتېگىيىلىك قارار، سىزنىڭ ئومۇمىي ئىستراتېگىيىڭىزگە ماس كەلمەيدىغان جەڭلەرنى قىلمايدىغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ.

**روبېرت ئې. لى** (1807 ـ 1870) **Lee, Robert E** : ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر گېنېراللارنىڭ بىرى. ئۇ ئامېرىكا ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ دەسلىۋىدە شىمال ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەمما، روبېرت لى كېيىنكى تۆت يىلدا ئۆزىنىڭ يۇرتى ۋىرجىنىيە تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىپ، ئامېرىكا تارىخىدا رىۋايەت بولغىدەك ئاجايىپ ئىشلارنى ياراتقان.

**بازىل لىدېل خارت** (1895 ـ 1970) **Liddell Hart, Basil**: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى جەڭلەر بۇ بۇيۈك ھەربىي مۇتەپەككۇرگە تۇراقلىق ئۇرۇش (static warfare)قا بولغان بىزارلىقىنى سىڭدۇرگەن ۋە بۇ ئۇنى برونېۋىك ئۇرۇشىنىڭ زور يوشۇرۇن كۈچى نەزەرىيىسىنى يارىتىشقا يېتەكلىگەن. لىدېل خارت ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نەزەرىيىسىنى باشقا ساھەگە كېڭەيتىپ، «چىملىق تېننىس ئۇستىلىرى بايقىلىشى» (The Lawn Tennis Masters Unveiled) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

**دوگلاس ماك ئارتۇر** (1880 ـ 1964) **Doglas McArthur**: ماك ئارتۇرنىڭ ئۆز ھاياتىدىنمۇ ئۇستۇن بولغان جەزبىدار مىجەز-خارەكتېرى ۋە يۈكسەك كىبىرى ئۇنى ئون يىللىق ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرگەن، ئەمما كورىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىنچىكىدىكى غالىبىيىتىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىياسىي جەھەتتىن زوۋاللىققا يۈز تۇتقان.

**رىچارد رۇمېلت** ( ـ 1942) **Richard Rumelt**: رۇمېلت جۇشقۇن بىر ئالىم ۋە دانىشمەن، ئۇنىڭ ئىستراتېگىيە ھەققىدىكى بىۋاسىتە ۋە ئىخچام يېزىقچىلىقى ئاددىيلىقى ۋە نەپىسلىكى بىلەن كۈچلۈك بولۇپ ، ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇرغا سىڭىپ كەتكەن تۇراقلىق ھالەتتىن ھالقىپ كەتكەن. ئېلېكتىر قۇرۇلۇشى ساھەسىدىكى كەسپىنى باشلىغاندىن كېيىن ، ئۇ ئاستا-ئاستا باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە نام قازانغان ۋە شىركەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەت

قازىنىشىدا پەقەت ئىككى خىل يولنىڭ بارلىقىنى تەشەببۇس قىلغان: ئۇلار چوقۇم يا ئۆزىنىڭ يولىنى كەشىپ قىلىشى كېرەك، ياكى چوقۇم ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ بەزى ئۆزگىرىشلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك.

**بۇسكىرك**، ئۇدۇلدىن ھۇجۇم

**Buskirk**, *Frontal Attack*

**جونسون، ۋىتبى، فرانس**، ئۇرۇشتا قانداق غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ

**Johnson, Whitby, and France**, *How to Win on the Battlefield*.

**رىس ۋە تروت**، بازار ئۇرۇشى

**Ries and Trout**, *Marketing War*

ھەمىشە، ئۇرغۇنلىرىمىز رىقابەت ياكى مەسىلىلەرگە ھەر قېتىمدا ئوخشاش ئۇسۇلدا جاۋاب قايتۇرىمىز، ئادەتلەنگەن ۋە ئاسان جاۋابلارنى قوللاپ بىزگە ئېچىۋېتىلگەن ھەر خىل تاكتىكىلىق تاللاشلارغا سەل قارايمىز. مەسىلىلەرگە ھەمىشە ئوخشاش ئۇسۇلدا جاۋاب بېرەمسىز ياكى تاللاش تىزىملىكىدىن تاكتىكا تاللامسىز؟ بۇ دەرسلىكتە تەمىنلەنگەن تاللاشلاردىن، ھېچ بولمىغاندا ئىشلىتىپ باقمىغان كەم دېگەندە بىر ياكى ئىككىنى ئويلاڭ ۋە تۇنجى پۇرسەتتە ئۇنى قانداق تەدبىقلىماقچى بولۇۋاتىسىز.

ھەر خىل تارىخىي سىنارىيەلەرنى ئويلاڭ ۋە ئۇلارغا باھا بېرىپ ، ئوخشىمىغان نەتىجىگە ئېرىشىشى مۇمكىن بولغان رەقىپلەرگە قانداق تاللاشلارنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىڭ. مەسىلەن، گېتتىسبۇرگ ئۇرۇشىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى گېنېرال روبېرت لىنىڭ قانداق تاللاشلىرى بار ئىدى؟

ئارقا رايون جېڭى بەلكىم ئەڭ ئاز قوللىنىلىدىغان تاكتىكىلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ بەزى ئەھۋاللاردا ناھايىتى ئۈنۈملۈك، بولۇپمۇ سودا ئىشلىرىدا، ئىشخانىلاردىكى سىياسىي مۇھىتتا بۇ تاكتىكىنى ئىشلىتىش ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. سىز رەقىپلىرىڭىز ئىلگىرى بىخەتەر دەپ قارىغان رايونلاردا يېڭى تەھتىد پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى يېڭىشنىڭ يوللىرىنى ئويلاپ يېتەلەمسىز؟

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى


مىسلىسىز ئويغىنىش
سەم ئالتمان تەۋسىيە قىلغان توققۇز
كىتاب
دانىيېل توماس

# سەم ئالتمان تەۋسىيە قىلغان توققۇز كىتاب

دانىيېل توماس

سام ئالتمان (Sam Altman)، ئوپېن ئەي ئاي (OpenAI) نىڭ باش ئىجرائىيە دىرېكتورى، ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ قارىغان توققۇز كىتابنى تەۋسىيە قىلدۇ. 15 مىنۇت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار پىكىرلەردىن مەنپەئەتلىنىڭ.

كىتاب ئوقۇش بىلىمىڭىزنى ئاشۇرۇش ۋە ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭىزدىكى ئەڭ كۈچلۈك يوللارنىڭ بىرى. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان ئوپېن ئەي ئاي يەنى سۈنئىي ئەقىل قورالىنىڭ باش ئىجرائىيە دىرېكتورى سام ئالتمان بۇ نوقتىنى ئالللىقاچان چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ ئەزەلدىن كىتابقا ۋە كىتاب ئوقۇشقا بولغان قايىللىقىنى ۋە مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە كۈندە ھېرىپ - چارچاپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ كىتاب ئوقۇغاندا ھاردۇق چىقىرىپلا قالماي يەنە ھاياتلىقتىكى بەزى قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە پايدىسى بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئوقۇش تىزىملىكىدە، تارىخى رومانلاردىن تارتىپ، ئېينىشتېيىننىڭ شەخسىي كۆرەشلىرىگىچە، ھەمدە نۆۋەتتىكى سۈنئىي ئىدراكنى ئىشلىتىشنى چۆرىدىگەن ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋى تېمىلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكىچە بولغان ئاجايىپ ئېسىل كىتاپلار بار. بۇ كىتاپلار ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى ئېچىش، نۆۋەتتىكى يۇقۇرى تېخنىكا بەرپا قىلىۋاتقان دۇنيادىكى زور ئۆزگىرىشلەر شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئالما شىركىتى تەرىپىدىن ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئەپلەرنىڭ بىرى دەپ قارالغان بىلىم دېتالى بلىنكىست (Blinkist) زىيارەت خاتىرلىرى، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى يازمىلار، بلوگلار ۋە ھەرخىل ماقالىلار ئارقىلىق سام ئالتمان ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابلار تىزىملىكىنى تىزىپ چىققان. بۇ توققۇز كىتابنىڭ بىزگە نېمەلەرنى قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

سام ئالتماننىڭ ئوقۇش تىزىملىكىدىكى توققۇز كىتاب

1. ھاياتلىقنىڭ مەناسىنى ئىزدەش (Man's Search for Meaning)

ۋىكتور فرانكل (Viktor Frankl) نىڭ « ھاياتلىقنىڭ مەناسىنى ئىزدەش» ناملىق كىتابى پسىخىكىلىق كلاسسىك ئەسەر بولۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازاپ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولغان

ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ مەناسى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئاپتور چوڭ قىرغىنچىلىقتىكى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، ھەر قانداق قىيىن شارائىتتىمۇ ئىنسان ئۆزىگە خاس نىشانىنى تاپالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىلىنكىست ئارقىلىق 17 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

2. تەپەككۇر، تېز ۋە ئاستا (Thinking, Fast and Slow)

دانىيال كاھنېمان (Daniel Kahneman) نىڭ «تەپەككۇر، تېز ۋە ئاستا» ناملىق كىتابىدا ئىنسان مېڭىسىنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلىدىغانلىقى ۋە قانداق قارار چىقىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدەنگەن. كاھنېمان نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تەتقىقاتىغا تايىنىپ، ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئۇچۇرلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمە ئۈچۈن ھېسسىياتنىڭ بەزىدە ئويلانغان تەھلىلگە قارىغاندا ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىلىنكىست ئارقىلىق 28 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

3. نۆلدىن بىرگىچە (Zero To One)

پېتېر تىئېل (Peter Thiel) نىڭ «نۆلدىن بىرگىچە» ناملىق كىتابىدا يېڭىلىق يارىتىشتا قوللىنىلغان ئادەتتىن تاشقىرى ئۇسۇللار تەسۋىرلەنگەن. تىئېل يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىش، ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت نەرسىنى ياخشىلاشتىن مۇھىم دەپ قارايدۇ. بۇ كىتاب سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىقىقا بولغان كۆز قارىشىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ. بىلىنكىست ئارقىلىق 22 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

4. قەيسەر يېڭى دۇنيا (Brave New World)

ئالدوس خۇكلېي (Aldous Huxley) نىڭ «قەيسەر يېڭى دۇنيا» ناملىق كىتابىدا بەخت تۇيغۇسى پەيدا قىلىدىغان ۋە خاسلىق يوقىلىدىغان كەلگۈسى تەسۋىرلەنگەن. سىستېمىدىن گۇمانلىنىشقا جۈرئەت قىلىدىغان كىشىگە ئەگىشىش، ھەيران قالارلىق، مۇرەككەپ بايانلار ئارقىلىق ئۇنىڭ جەمئىيىتىمىزگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۈستىدە ئويلىنىشقا چاقىرىدۇ. بىلىنكىست ئارقىلىق 29 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

5. چەكسىزلىكنىڭ باشلىنىشى (The Beginning of Infinity)

داۋىد دويچ (David Deutsch) نىڭ «چەكسىزلىكنىڭ باشلىنىشى» ناملىق كىتابى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە تەپەككۇر كۈچى ھەققىدىكى ئىزدىنىش بولۇپ، دويچ مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئەگەر ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى تولۇق قېزىپ چىقالىغاندا، مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ چېكى بولمايدۇ. بۇ كىتاب ئۆزىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى مۇمكىنچىلىكلەرگە بولغان تونۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىدۇ. بىلىنكىست ئارقىلىق 20 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

6. بلىتزسكەلىك (Blitzscaling)

رېيد خوفمان (Reid Hoffman) نىڭ «بلىتزسكەلىك» (Blitzscaling) ناملىق كىتابىدا ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ قانداق قىلىپ سۈپەت ياكى ئۆزۈن مۇددەتلىك سىجىللىقنى قۇربان قىلماستىن، تېز تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. خوفمان تارىختىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەير ب ن ب (Airbnb)، فەيسبوك (Facebook) ۋە گوگۇل (Google) قاتارلىقلار شىركەتلەر نى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىش جەريانلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. بلىنكىست ئارقىلىق 31 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

7. دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىل (Superintelligence)

نىك بوستروم (Nick Bostrom) نىڭ «دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىل» ناملىق كىتابىدا سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆرسىتىدىغان ئىجابىي ھەم سەلبىي تەسىرلىرى ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە ئىزدەنگەن. سىز مۇبادا ماشىنىلار ئىنسانلارغا قارىغاندا ئەقىللىق بولغاندا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ بوستروم بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئىنسان كونتروللۇقىدا بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. بلىنكىست ئارقىلىق 15 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

8. غەلىبە قىلىش (Winning)

جەك ۋېلچ (Jack Welch) نىڭ «غەلىبە قىلىش» ناملىق كىتابىدا تارىختىكى ئەڭ ئۇتۇق قازانغان باش ئىجرائىيە دىرېكتورىنىڭ، ھەممە ئادەم تەۋە بولۇشنى خالايدىغان يېڭىچە تەشكىلاتنى قانداق قۇرۇپ چىققانلىق جەريانى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بىر تەشكىلات

ئـىچـىدە يەڭگۈچـى گۇرۇپـپىلار بـىلەن كۇلتۇر بەرپـا قـىلـىش ئۈچۈن نىملەرگە ئېھتىيـاجـلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن. بۇ سىزنىڭ رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇش ئىلمى ھەققىدىكى چۈشەنچىڭىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلايدىغان بىر ئويغىتىش خاراكتېرلىك كىتابتۇر. بلىنكىست ئارقىلىق 24 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

9. سەند خىل كوچىسىدىكى سىرلار (Secrets of Sand Hill Road)

ئاخىرىدا، «سەند خىل كوچىسىدىكى سىرلار» **(Secrets of Sand Hill Road)** ناملىق كىتاپنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ كىتاپ دۇنيانىڭ داڭلىق تېخنىكا مەركىزى ھېسابلىنىدىغان كىرېمنىي جىلغىسى **(Silicon Valley)** دىكى سەند خىل كوچىسىغا يەنى چوڭ مەبلەغ سالغۇچى شىركەتلەرنىڭ ھەقىقىي دۇنياسىغا بىزنى باشلاپ كىرىدۇ. كىتابتا چوڭ مەبلەغ سالغۇچى شىركەتلىرىنىڭ قانداق مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشتا نىملەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. دۇنيادىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ تەجرىبە ساۋاقلىرى ئارقىلىق، مەبلەغ توپلاش ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارنى جەلپ قىلىش جەھەتتە پۈتۈنلەي يېڭى چۈشەنچە ۋە ئۇسۇللارنى ئۆگىتىدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق شىركەت قۇرۇش ۋە مەبلەغ توپلاش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىرلىرىنى بىلەلەيسىز. بلىنكىست ئارقىلىق 19 مىنۇتتىلا بۇ كىتاپتىكى مۇھىم مەزمۇنلاردىن ۋاقىپ بولالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.blinkist.com/magazine/posts/sam-altman-book-recommendations


ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتچىسى
يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق
ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر پەلسەپىسى تەتقىقاتچىسى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 1958 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى هازىرقى ئاستىن ئاتۇشنىڭ شورۇق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، تاكى 1997 ـ يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. بۇ جەرياندا 1990 ـ يىلى 5 ـ ئاپرىلدىكى بارىن ئىنقىلابى ۋە 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرالدىكى غۇلجا نامايىشىدا غوللۇق رول ئوينىغان بەزى قەلەم كۈرەشچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىرىلغاندىن كېيىن، 1997 ـ يىلى يازدا مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىلارغا «مىللەتچىلىك، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈردى» ، دېگەن بوھتانلارغا ئۇچرىغاندا ئۆزلىكىدىن ئىستېپا بېرىپ، ئەركىن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يىزىپ قالدۇرغان كىتابلاردىن، «ئوغلۇم ئالدىڭغا قارا» ، «ئۇيغۇرلاردا پەرزەنت تەربىيىسى» ، «قائىدە ـ يوسۇنلار» ، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت» ، «ھايات بوسۇغىدا» ۋە «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار، يەنە پەلسەپىۋىيلىكى يۇقىرى بولغان يىگىرمە پارچىدىن ئارتۇق پۈتۈن ئەل ـ جامائەتكە تونۇشلۇق نوپۇزلۇق كىتابلىرى بار. بولۇپمۇ مەرھۇمنىڭ قۇتادغۇبىلىكشۇناسلىقتىكى تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەنە «قوتادغۇبىلىك» نى رومانلاشتۇرۇپ ئىشلەپ چىقىپ، كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغان ئىدى.

مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە پېداگوگىكىغا ئائىت تېمىلاردا نۇرغۇن ماقالىلەرنى، «ئوغلۇم، ئالدىڭغا قارا» ، «ھايات ۋە مۇۋەپپەقىيەت» ، «قائىدە يوسۇنلىرىمىز» ناملىق تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى.

مەزكۇر ئەدىب ۋە پەلسەپە تەتقىقاتچىسىنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈمى ھەققىدىكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنغان ئىنكاسلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭغا 2011 ـ يىلى جىگەر راكى دەپ دىئاگنوز قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان بەزى يېقىن كىشىلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە باشقا بەزى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار جەمئىيەتتىن ۋە ئالىي مەكتەپلەردىن ئىئانە يىغىش ئارقىلىق بۇ پۇلغا ئۆزىنى داۋالىتىش تەكلىپىنى

بەرگەن. لېكىن، يارمۇھەممەد تۇغلۇق ئەپەندى باشقىلارنىڭ ئىئانە پۇلغا داۋالىنىشنى توغرا تاپماي، بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەدىبنىڭ ئىخلاسمەنلىرى بولغان بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى پىدائىي بولۇپ تەشكىللىنىپ، يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى زاكاز قوبۇل قىلىپ سېتىپ، ئۇنىڭدىن يىغىلغان پۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى باشلىغان. كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرگە يېيىلغان بۇ پائالىيەت يۇقىرىدىن كەلگەن بۇيرۇق بىلەن توختىتىپ قويۇلغان. بەزى ئىنكاسلاردا يەنە، مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېت بۇ كىتاب سېتىش پائالىيىتىنى باشلىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىدلەپ، ئۇلارغا تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا بۇيرۇلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىققان.

يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ ھاياتىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ باھالىرىغا قارىغاندا، مەرھۇمنىڭ جىگەر راكى كېسىلى بىلەن ئاغرىغانلىقى، داۋالىنىش ئۈچۈن بىر قانچە يۈز مىڭ يۈەن خىتاي پۇلى كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر جەمئىيەتكە تارالغاندىن كېيىن، ئۇنى بىلىدىغان سادىق ئوقۇرمەنلىرى، ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدا ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا ئاتاپ ئىئانە توپلاش پىكرى بولغان. ئەمما مەرھۇم «مەن ئىئانە قوبۇل قىلمايمەن، داۋالىنىش توغرا كەلسە، پەقەت ئەمگەك مېۋىلىرىمنىڭ ھەققىگە داۋالىنىمەن» دەپ رەت قىلغان ئىكەن. ئۇنى سۆيىدىغان كەڭ خەلق مەرھۇمنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ماس ھالدا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى سېتىۋېلىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش ئاماللىنى ئويلاپ تېپىپ، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ كىتابلىرىنى سېتىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. ئەمما بۇمۇ خىتايلارنىڭ، ھەتتا بەزى يەرلىك غالچىلارنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى بۇ خىل كىتاب سېتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان، بىر ياش بايان قىلىپ بەرگەن.

يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە بېغىشلىغان ئەسەرلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىي روھى، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاراشلىرى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە جامائىتىنىڭ يۇقىرى ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

مەرھۇمنىڭ خوتەندىكى ئىزباسارلىرىدىن ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلاردا، مەرھۇم 2000 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا جىگەر راكى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، رەسمىي بايقالغاندا، كېسەللىك ئەھۋالى خېلىلا يامانلىشىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، 2011 ـ يىلى يازدىن بۇيان خوتەندە ئۇيغۇر تىبابىتى بويىچە داۋالىنىۋاتقان يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى 2012 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇن كۈنى 53 يېشىدا بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان. ئۇنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، جۈملىدىن بارلىق ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسى ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش. ئۇيغۇر تور بەتلىرىدە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ مەخسۇس ئەسلىمە ۋە

مەرسىيەلەر ئېلان قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئۇنىڭ ھايات چېغىدا ئۇچرىغان ئازاب ئوقۇبەتلىرى ۋە ئۇۋالچىلىقلىرى كىشىلەردە غۇلغۇلا ھەم چوڭ تەسىر قوزغىغان ئىدى. 1997 ـ يىلى ئۇنىڭ مەكتەپتىن قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىچى تار ۋە كۆرەلمەس مەكتەپدىشىنىڭ مەكتەپكە چېقىمچىلىق قىلغانلىقى پۇر كەتكەندىن كېيىن، مەزكۇر كىشى جەمئىيەتتە بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالغان. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك ئىدى.

ئالىمنى قەدىرلەشنى بىلگەن ئۇيغۇرلار مەرھۇمنىڭ تۆھپىلىرىنى، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ. ئۇنىڭ كىتابلىرىنى قەدىرلەپ ساقلايدۇ ئەلۋەتتە. مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئەركىن دۇنياغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى ئۇيغۇر مەركىزى رەئىسى قەيسەر ئوزھۇن يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىگە خەلقئارادىكى پۈتكۈل ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر نامىدىن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرۈش بىلەن تەڭ مەرھۇمنى «ئۇستاز يارمۇھەممەد ھەقىقىي يازغۇچىلارغا خاس مىللەتكە بولغان بۇرچ تۇيغۇسى، پاك ۋىجدانى، ئادىمىيلىك ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن بىزگە ھەقىقەتەن بايراقدار ئىدى» دەپ تەرىپلىگەن. چۈنكى، مەرھۇم يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق مىڭلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىگە قەھرىمان ئەجدادلىرى، مىللىي روھى، مىللىي دۆلىتى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مۇقەددەس تارىخىدىن پەخىرلىنىش ئۇرۇقىنى سالغان يېتۈك بىر پېداگوگ ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى ئىلگىرى ئۇنىڭدىن بىلىم ئالغان چەتئەللەردىكى ئوقۇغۇچىلىرى ھەمدە سەپداشلىرىنى ھەممىدىن ئېغىر قايغۇغا چۆمدۈرگەن، ئۇلار ئۇستاز يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقتىكى پەزىلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىدە چوڭقۇر تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقىنى بايان قىلىشىپ ئۇستازىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەن.

جاھاندا شۇنداق مېھنەتكەشلەر باركى، ئۇلار باغ بىنا قىلىدۇ ـ يۇ، مېۋىسىنى يېمەي، خەلققە ئاتايدۇ. شۇنداق ئادىي، ئەمما ئۇلۇغ كىشىلەر باركى، بىر ئۆزى شامدەك كۆيۈپ نۇرىنى باشقىلارغا، بارىنى چاڭقىغان قەلبلەرگە ئاتا قىلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. كىشىلەر ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلارنى تىلغا ئالغىنىدا يۇقىرىقىدەك بايانلار بىلەن ئۇلارنى سۈپەتلەشكە تىرىشىدۇ.

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى يارامىلىق يىگىت ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كەچكەن ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىك، قابىل ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ مىڭلارچە ئوقۇغۇچىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا، ھەتتا چەتئەللەردە ئوخشىمىغان ساھەلەردە شان ـ شەرەپ قۇچماقتا، ئۇستازى تومۇرلىرىغا سىڭدۈرگەن مىللىي غۇرۇر ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ كۈچىدىن قەيەردە بولمىسۇن ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىگە تۆھپە قوشماقتا. ئاقسۇ تېلېۋىزىيىسىنىڭ سابىق دىكتورى، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى ئاكتىپ پائالىيەتچىلىرىدىن بىرى بولغان ھازىر نورۋېگىيىدە ياشاۋاتقان سەمەت ئىسرائىل ئەنە شۇ يارمۇھەممەد مۇئەللىمدىن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئالغان ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى ئىدى. سەمەت ئىسرائىل ئەپەندى تەۋەرۈك ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن قايغۇرغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش مىڭلارچە ئوقۇغۇچىلىرى

بىلەن ياشايدىغانلىقى، ئەسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي زىيانكەشلىكلەر ۋە دۆلەت تېررورلۇقى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر ئالىم ـ ئۆلىمالىرى، قابىل سىياسىيونلىرى، ھەتتا شائىر ـ يازغۇچىلىرىنىڭ گاھىلىرى تۈرمىلەرگە مۇپتىلا بولغان بولسا، گاھىلىرى يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ۋە باتۇر روزىلارغا ئوخشاش ئازاب يۇتۇپ، ئارمىنىدىن ۋاقىتسىز كېتىشتى، گاھىلىرى ئەل ـ يۇرتىنى تەرك ئېتىپ يىراق ئەللەرگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قىسمەتلەر بىلەن چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەردىن، كانادادىكى شائىر تۇيغۇن ئابدۇۋەلى، ئۇيغۇر زېمىنىدا ئۆزى بىلەن ئوخشاش ھاۋادىن تەڭ نەپەسلىنىپ، ئوخشاش دەريادىن سۇ ئىچىپ، ئوخشاش مۇڭ ـ ھېسلارغا تەڭ بۆلەنگەن يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ جېنىغا زامىن بولغىنى دەل خىتاينىڭ ھەققىي ۋىجدانلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا قاراتقان زۇلۇملىرى، دېگەن.

دۈشمەنىنىڭ يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىگە قاراتقان جازالىرى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ يەنە داۋام قىلغان. چۈنكى، 2017 ـ يىلىدىكى چوڭ تۇتقۇن باشلانغان مەزگىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ 1988 ـ يىلى تۇغۇلغان چوڭ ئوغلى بەھرام بىلەن 1989 ـ يىلى تۇغۇلغان كىچىك ئوغلى ئىھرام تۇتقۇن قىلىنغان.

يار مۇھەممەد تاھىر ئەپەندىنىڭ ئايالى ئادىلە ئەسقەرنىڭ سىڭلىسى گۈلرۇي خانىمنىڭ تاراتقۇلاردىكى گۇۋاھلىقلىرىغا قارىغاندا، مەرھۇم يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىھرام يارمۇھەممەت 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قولغا ئېلىنغان ۋە 10 يىل كېسىۋېتىلگەن. 2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چوڭ ئوغلى بەھرام يارمۇھەممەت «قايتا تەربىيەلەش مەكتىپى» گە ئېلىپ كېتىلگەن. بەھرام يارمۇھەممەت نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېخانىكا قۇرۇلۇشى كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ئىھرام يارمۇھەممەت بولسا ئۈرۈمچىدىكى تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلار داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن تۇرۇپمۇ ئوخشاشلا خىزمەت تاپالمىغان. ئاخىرى ئىككىسى بىرلىشىپ ئۈرۈمچىدىكى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇدۇلىدا كىتابخانا ئاچقان. لېكىن بۇمۇ ئۇزۇنغا بارمىغان. چۈنكى، 2016 ـ يىلىدىن باشلاپ، خىتاي ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت بارلىق كىتاب ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، يىغىپ يوقىتىش دولقۇنى قوزغىغان پەيتلەردە ئىلمىخۇمار زىيالىي ئائىلىسىدىن بىرى بولغان ئەسقەر ھۆسەيىن ئائىلىسىنىڭ 3 ـ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ ئاكا ـ ئىنىلارنىڭ كىتابخانىسىمۇ تاقىلىپ، ئۆزلىرى خىتاينىڭ قارا تىزىملىكىگە ۋە تۈرمىلىرىگە مەھكۇم قىلىنغان.

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان گۈلرۇي خانىمنىڭ ئەسلەپ ئۆتۈشىگە قارىغاندا، يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم ئەسقەر ھۆسەيىننىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. كېيىنچە ئەسقەر ھۆسەيىننىڭ قىزى ئادىلە بىلەن

توي قىلىپ، ئۆز ئوقۇتقۇچىسى بىلەن بىر ئۆمۈر تەقدىرداش، كەسىپداش ھەمدە ئاتا ـ بالا بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. بىر ئۇيغۇر زىيالىي ئائىلىسىدىن بىر قانچە ئەۋلادنىڭ ختايىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىشىدەك مىساللارنىڭ تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر پاجىئە ئىكەنلىكىنى مۇشۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

تەقدىرنىڭ ھەر قىسمەتلەرگە باش ئەگمەي، قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ئاچچىق ۋە ئازابتىن زەھەر ئىچسىمۇ ئۆمرىدە 20 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى خەلقىگە تەقدىم قىلالىغان بۇ «ئەزىمەت» ھەمدە «ۋىجدان ۋە پەزىلەت ئىگىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان يازغۇچى، پېداگوگ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇقنىڭ قەدرىنى ئۇنىڭ خەلقى قىلدۇ، ئوقۇغۇچىلىرى قىلدۇ، سەپداشلىرى قىلدۇ، ئۇلار مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادا تارتقان ئازاب ئوقۇبەتلىرى بەدىلىگە روھىنىڭ جەننەتتە ئەبەدىي ئەمىن تېپىشىنى تىلىمەكتە. بۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تور بەتلەردە ئۈزۈلمەي ئېلان قىلىنىۋاتقان مەرسىيەلەردىن، سېغىنىش بايانلىرىدىن كۆرەلەيمىز.

ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە تور بەتلەردە يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق ۋاپاتىغا ئاتالغان مەرسىيەلەر ئىچىدە ئەڭ قاتتىق زىلزىلە قوزغىغان ئابدۇشۇكۇر قاۋۇلنىڭ مەرسىيىسى تۆۋەندىكىچە :

بۈيۈكلۈك مەقامىغا يەتكەن يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق خاتىرىسىگە :

ئابدۇشۇكۇر قاۋۇل

«تۇغلۇقنىڭ يۇلتۇزى ساقىدى بۈگۈن…»
ئاڭلىدىم ھەسرەتكە تولغان بايانات.
كۈندۈزۈم كۆرۈندى بولۇپ قارا تۈن،
سۇنغاندەك گوياكى پەرۋازلىق قانات.

قاناتتا سۇنۇش بار، يۇلتۇزدا ساقىش،
ۋە لېكىن بەك بالدۇر ساقىپ كېتىپسەن.
بۇ ساقىش دوستلارغا بەئەينى بىر قىش،
دۈشمەنگە باھاردۇر بەلكىم گىرىمسەن.

ھە توغرا، سەن ئىدىڭ مېۋىلىك دەرەخ،
مېۋىسى باغجانلاپ مەي بولۇپ پىشقان.
شاخلىرىڭ بىھۇدە سۇندى، ۋادەرىخ!
تۆھمەتخور مەلئۇنلار، چۈنكى، تاش ئاتقان.

ئۇ تاشلار بەستىڭنى پەسلىتەلمىدى،
تونىنلاپ نەپ بەردىڭ ئەكسىچە ئەلگە.
«دىۋان» غا، «بىلىك» كە شەرھى ـ پەر ئىدى،
سەن تىزغان بويۇڭدەك توملار ـ قۇت بەلگە.

بۇ توملار مىڭ يىلنى ھايا شەكلىدە،
ئاۋامغا تۇتقۇزدى ئەڭگۈشتەر قىلىپ.
ئەڭگۈشتەر، ئەڭگۈشتەر، ئاۋام ئەقلىدە،
مەھمۇد دەر، يۈسۈپ دەر، تۇغلۇق دەر بىلىپ.

ئېھ، تۇغلۇق مەن ساڭا جەننەت تىلەيمەن،
بىر ساڭا ئارمىغان بولسۇن بار جەننەت.
تىلەكتە ھەم سېنى شۇنداق كىنەيمەن،
كاشغەرى سۈپەتسەن، خاس ھاجىپ سۈپەت.

2012 .6 .10 ئۈرۈمچى



# ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش بىلەن پەخىرلەنگەن ئۇيغۇر

كارول كېرباۋ

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش بىلەن پەخىرلەنگەن ئۇيغۇر

كارول كېرباۋ

ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىسى سەيىد ئابدۇل سىياسەت تۈزۈش ۋە بايان سەنئىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشماقتا.

سەيىد ئابدۇلنىڭ نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار، بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھېكايىلىرى. سەيىد ئابدۇل ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسچىسى بولۇپلا قالماي، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتى كېنىندى مەكتىپىنىڭ ئاممىۋى باشقۇرۇش پروگراممىسى (MC/MPA 2024) بويىچە ماگىستىرلىقنى تاماملاش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچى. ئۇ گلېيتسمان رەھبەرلىك ئوقۇش مۇكاپاتى (Gleitsman Leadership Fellow) ۋە چېڭ ئوقۇش مۇكاپاتى (Cheng Fellows) قاتارلىق ئاممىۋى رەھبەرلىك مەركىزىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئۇيغۇرلۇقنى تونۇتۇش، ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئورتاقلىشىش، ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈرگۈزۈلىۋاتقان ئېرقىي قىرغىنچىلىقنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش مەقسىتىدە «مېنىڭ يىلتىزىم» ناملىق تور بەتنى ياساپ چىققان.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتى كېنىندى مەكتىپى (HKS) گە ئوقۇشقا كىرىشتىن بۇرۇن، سەيىد ئابدۇل گۇگۇلنىڭ سىتىش دىرېكتورى ۋە ب د ت دۇنيا ئىنسانپەرۋەرلىك ئالى يىغىنى ۋە ب د ت باش كاتىبانلار مەجلىسى ئىنسانىيەت كۈن تەرتىپى ئۈچۈن ياشلار مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش ھارپىسىدا، سەيىد ئابدۇل ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى، كېلىپ چىقىشى ۋە كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيادىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر داۋاملىق ھالدا ئېرقىي قىرغىنچىلىق ۋە مەدەنىيەتلەرنى ۋەيران قىلىش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىزنىڭمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا غايىپ بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، شۇڭلاشقا مەن ‹مېنىڭ يىلتىزىم› ناملىق تور بەتنى قۇردۇم.»

سەيىد ئابدۇل 2007 ـ يىلى ئامېرىكاغا مۇساپىر بولۇپ كەلگەن

ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر. ئۇيغۇر مىللىتى شەرقىي تۈركىستاندا ياشايدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلق بولۇپ، يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى

قۇملۇق ۋە تاغلىق، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى زور بايلىققا تولغان مۇنبەت بىر تۇپراق بولۇپ، ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشغالىيىتىدە. سەيىد ئابدۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇيغۇر بولغاچقا ئەينى چاغدا خىتايلار تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئامالسىز ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ قوشنا دۆلەت قىرغىزىستانغا قېچىپ چىققاندىن كېيىن سەيىد ئابدۇل شۇ يەردە تۇغۇلغان ۋە بالىلىق دەۋرىنى قىرغىزىستاندا ئۆتكۈزگەن. ئۇ بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ بەكلا پائالىيەتچان بولۇپ، مېيىپ بالىلارغا ياردەم بېرىش پروگراممىسى يەنى «بالىلار بالىلارغا ياردەم بېرىش» تەشكىلاتىنى، پىدائىي ياشلار رەھبەرلىك تەشكىلاتلىرىنى قۇرغان ۋە ئۆزى ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلغان.

سەيىد ئابدۇل 15 يېشىدا، ئانىسى 30 دوللار بىلەن ئامېرىكىغا مۇساپىر بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئارىزونا شىتاتىنىڭ تۇكسون شەھىرىدىكى بىر ئائىلىگە يەرلەشكەن ۋە دەرھال كىشىلىك ھوقۇق ۋە مۇساپىرلار ئىشلىرىغا ئارىلاشقان.

2015-يىلى پېنسىلۋانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن

ئۇ سىياسەتشۇناسلىق كەسپىدە تولۇق كۇرستا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان.

2017-يىلدىن ئۇ باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغان

«خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىش، قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا تۇتۇپ، سولاش، ئاياللارنى مەجبۇريي تۇغماس قىلىۋېتىش، ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى ئاتا-ئانىسىدىن مەجبۇرى تارتىۋېلىپ يىراق خىتاي ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن، دىنىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ تەربىلەش ئەۋج ئالغاندىن باشلاپ مەن ئۆزۈمنى بۇ زۇلۇملارنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشقا چاقىرىلغاندەك ھېس قىلدىم» دەيدۇ، سەيىد ئابدۇل.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇملىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى زېيد رائاد ئەل-ھۇسەيىن (Zeid Ra'ad Al Hussein) نىڭ 2018-يىللىق باياناتىدا: «ئىشخانام ئۆزلۈكسىز ھالدا كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى، ئادۋوكاتلار، قانۇن چىقارغۇچىلار، كىتاب ساتقۇچىلار، تىببەت ۋە ئۇيغۇر جامائىتى تەرىپىدىن يوللانغان،خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇريي غايىب قىلىۋېتىش، قەبىھ مۇئامىلە ۋە كەمسىتىشلەر توغرىسىدا جىددىي مۇراجىئەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالماقتا» دەپ يازغان.

سەيىد ئابدۇل بىر ئۇيغۇر پائالىيەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ ئىزدىنىش، ئۆگىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدىنىپ، خىتاي ئىشغالىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرىغا نېمە بولۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئاڭلىتىشقا كۈچۈل بۆلۈشكە قاراتتى.

2020-يىلى فوربىسنىڭ «30 ياشتىن تۆۋەن مۇنەۋۋەر 30 شەخس» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن

سەيىد ئابدۇل گۇگۇلنىڭ سېتىش دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە، 2020-يىلى فوربېس ژۇرنىلىنىڭ «30 ياشتىن تۆۋەن مۇنەۋۋەر 30 شەخس» تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

2023 -يىلى ئامېرىكا باشقۇرۇش كەسپىي بويىنچە ماگىستىرلىق پروگراممىسىغا ئوقۇشقا كىرگەن

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دۇنيانى ھەققىي ئۆزگەرتەلەيدىغان ئىككى نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن، ئۇلار سىياسەت تۈزۈش ۋە بايان سەنئىتى».

سەيىد ئابدۇل گۇگۇلدا خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدا بايان سەنئىتىنى ئۆگەنگەن بولسا، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كېنىدى مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن سىياسەت تۈزۈشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. مۇساپىر بولۇش سۈپىتىدە بىلەن، ئۇ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر چىقارغان سىياسەتلەردىن نەپكە ئېرىشكەن، شۇڭلاشقا ئۇ كەلگۈسىدىكى مۇساپىرلار ئۈچۈن بۇ سىياسەتلەرنى قانداق قوغداش ۋە كۈچەيتىشنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلدى.

ئۇ ماسساچۇسېتس شىتاتىنىڭ سابىق باشلىقى، پروفېسسور دېۋال پاترىك (Deval Patrick) نىڭ MLD-326 «سايلامغا قاتنىشىشنىڭ سىياسەت ۋە پرىنسىپلىرى»، يەنە ئامېرىكا سىياسەت بويىچە مۇئاۋىن لېكتور مارگارېت تالېۋ (Margaret Talev) نىڭ DPI-891M «ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىش» دەرسلىرىنى ئېلىش ئارقىلىق سىياسەت تۈزۈش بىلەن بايان سەنئىتىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلدى. يەنە پروفېسسور دېبورا خيۇز خاللېت (Deborah Hughes Hallet) نىڭ API-205 «سىياسەت ۋە پرىنسىپلار: سانلىق مەلۇمات بىلەن سۈنئىي ئەقلىنىڭ قانداق ئۆز-ئارا تەسىرى بار» دېگەن دەرسىنى ئېلىپ سۈنئىي ئەقىل بىلەن سىياسەتنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ئۈستىدە ئىزدەندى.

سەيىد ئابدۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئورتاقلاشتى

MC / MPA نىڭ يازلىق پروگراممىسىنىڭ ئاممۋى بايان قىلىش دەرسلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە، سەيىد ئابدۇل ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى تونۇشتۇرۇشقا تاللىنىدۇ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خارۋاردتىكى ساۋاقداشلىرىغا تونۇشتۇرۇشتەك بۇنداق پۇرسەتنى ۋە بۇ جەرياندا ئېرىشكەن تەجرىبىللىرىنى ئېخمۇ قەدىرلەيدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ دوپپا دەيدىغان ئالاھىدە باش كىيىمى بار، مەن خارۋاردتا داۋاملىق ئۇنى بېشىمغا كىيىپ يۈرۈيمەن، نۇرغۇن كىشىلەر بېشىمدىكى دوپپامغا قىزىقىپ مەندىن نۇرغۇن سوئاللارنى سورايدۇ. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي مىراسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ھازىر ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي زۇلۇمىدا بۇ دوپپىنى كىيەلمەيۋاتقانلىقى ئۈچۈندۇر ».

2023-يىلى «چېكى ئوقۇش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەندىن كېيىن، پۈتۈن دىققىتىمنى «مېنىڭ يىلتىزىم» نى راۋاجلاندۇرۇشقا مەركەزلەشتۈردۈم

«دۇنيادىكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە مەدەنىيەتلەرنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭمۇ يوقىلىۋاتقان شۇ مەدەنىيەتلەر قاتارىدا غايىپ بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ، شۇڭلاشقا مەن مېنىڭ يىلتىزىم دېگەن تور بەتنى قۇرۇپ چىقتىم» ، دەيدۇ سەيىد ئابدۇل.

سەيىد ئابدۇل ئېرىشكەن «چېكى ئوقۇش مۇكاپاتى» پروگراممىسى يېڭى دۇنيادا ئىجتىمائىي يېڭىلىق يارىتىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنى قوللايدىغان يەنى، ئىجتىمائىي يېڭىلىق يارىتىش تۈرلىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى قوللاش پروگراممىسى بولۇپ، سەيىد ئابدۇلنىڭ خىزمىتى ئۈچ ساھەگە مەركەزلەشكەن: بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى توپلاش؛ ئىككىنچىدىن بۇ گۇۋاھلىقلارنى مېدىئالاردا تارقىتىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق بولغان سىياسەتلەرنى تەشەببۇس قىلىش. ھازىرغىچە ئۇ 90 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ گۇۋاھلىقىنى توپلىغان، قىسقا فىلىم ئۈچۈن سىنارىيە يازغان، 100 مىڭ دوللاردىن ئارتۇق مەبلەغ توپلىغان ۋە «ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇنى» نى تەشەببۇس قىلىپ، 2024-يىلى 2-ئايدا پارلامېنتتا 414-6 ئاۋاز بىلەن تەستىقلانغان.

ئۇ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى توپلاشقا ئامراق ئىدى.

سەيىد ئابدۇل مۇنداق دەيدۇ: «گۇۋاھچىلار ئىچىدە دادامنىڭ ھېكايىسى ئەڭ ياخشى بايان قىلىنغان. دادام ماڭا، ئېتىقادىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزگە سادىق بولۇش ۋە يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمنى تەكىتلەپ تۇرىدۇ. دادامدەك ئەزەلدىن مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان، ئوقۇش ۋە يېزىشنىمۇ بىلمەيدىغان بىر كىشىنىڭ، مەندەك خارۋارد ئۇنىۋېرسىتى كېنىندى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن بىرسىگە مۇشۇنداق ئۇلۇق گەپنى دېيەلىشى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ».

2023 ـيىلى گلېيتسمان ئوقۇش مۇكاپاتى پروگراممىسىدا، رەھبەرلىك سەنئىتىنى تەرەققى قىلدۇردى

گلېيتسمان ئوقۇش مۇكاپاتى پروگراممىسى: تولۇق ئوقۇش ھەققى ۋە باشقا چىقىملارنى كۆتۈرگەندىن باشقا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا رەھبەرلىك سەنئىتىدە تەربىيىلىنىش پۇرستى بېرىدۇ. سەيىد ئابدۇل دىققىتىنى رەھبەرلىك قىممەت قاراشلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، بولۇپمۇ ئۆزىدە مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىقنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ، «مۇلايىملىق ئاجىزلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس؛ ئۇ كۈچ-قۇدرەتتۇر». ئۇ يەنە «دۇنيادا ياشاش قانچىلىك جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇلايىملىقنى ساقلاش يەنىلا مۇھىم» دەيدۇ.

2024ـيىلى «مېنىڭ يىلتىزىم» تورىنى ئىجتىمائىي يېڭىلىق يارىتىش + ئۆزگەرتىش تەشەببۇسىنىڭ يىللىق ئىجتىمائىي يېڭىلىق ياراتقۇچىلار كۆرگەزمىسىدە تونۇشتۇردى

«چېلىك ئوقۇش مۇكاپاتى» پروگراممىسى گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باھار پەسلىدىكى ئوقۇش ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا ئۆز لايىھەلىرىنى كەڭ كۆلەملىك تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىندى.

2024ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرستى كېنىېدى مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنمۇ «مېنىڭ يىلتىزىم» تور بېتىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرماقچى

«مېنىڭ مەقسىتىم پەقەتلا ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېكايىلىرىنىلا سۆزلەش ئەمەس، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش. بەلكىم پۈتۈن دۇنياغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت، تىل بايلىقلىرى، تائام مەدىنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، بولۇپمۇ ھازىرقىدەك ئۇيغۇرلار يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىلمەسلىكى

ئۈچۈن تىرىشىمەن، شۇنداقلا باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن نومۇس قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشكە مەدەت بەرمەكچىمەن».

سەيىد ئابدۇل «مېنىڭ يىلتىزىم» نى ئامېرىكىنىڭ رەسمىي پايدا كۆزلىمەيدىغان تەشكىلات 501(c)(3) سۈپىتىدە تىزىملاتماقچى ۋە ئامېرىكىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان كۆرگەزمىلەرنى تەشكىللەش ئۈچۈن مۇزېيخانىلار بىلەن ھەمكارلاشماقچى. ئۇ يەنە قىسقا فىلىم ئىشلەشنى داۋاملاشتۇرماقچى. ئۇ يەنە يېقىندا ئەمگەك لاگېرىغا سولانغان بىگۇناھ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا قانداق چىڭ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن «سۈكۈتنىڭ سادالىرى» ناملىق قىسقا فىلىمنى ئىشلەشنى پىلانلىماقتا.

سەيىد ئابدۇل يېقىندا «كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتى دېموكراتىيە تەتقىقاتچىسى» بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ تەتقىقات پروگراممىسى دېموكراتىك قىممەت قاراشلارنى قوللايدىغان رەھبەرلەرنى بىر يەرگە جەم قىلغان. بۇ تەتقىقات پروگراممىسى ئارقىلىق سەيىد ئابدۇل ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى پۈتۈن دۇنياغا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېچىپ بەرمەكچى.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.hks.harvard.edu/more/student-life/student-stories/preserving-and-celebrating-uyghur-culture



# خىتايغا ماڭغان ئۇيغۇرلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# ۋەتەنگە ماڭغان ئۇيغۇرلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر(سەھەر)

2016ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر خەلقىگە يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقى بىلەن، بىر مەزگىل جان ئالغۇچى بوران چاپقۇنلۇق قەھرىتان سوغۇققا ئوخشاپ قالغان خىتاي ھۆكۈمىتى يېقىندىن بۇيان بىر ئاز يۇمشاپ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن «باھار» كەلگەندەك بىر تۇيغۇ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى مۇستەملىكە ئىسمى شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ «ئانا ۋەتەن» گە كېلىپ زىيارەت قىلىشقا، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپ، ۋەتەنگە بارىدىغان يوللاردىكى توسالغۇ تەڭلىتىپ قويۇلغان ۋىزا ئېلىش قاتارلىق «قار ـ مۇز» لارنى ئازراق ئېرىتىشكە باشلىدى ئەمما، شەرت بىلەن.

ئالدى بىلەن بۇ 8 يىللىق قىرغىنچىلىق جەريانىدا چەتئەللەردىكى خىتايغا قارشى ھېچقانداق نامايىش ۋە سىياسى ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىغان، ئۇيغۇر جامائىتىدىن خۇددى قانچە مىڭ نۇر يىلى ئۇزاقلىقتىكى تاقىم. يۇلتۇزىدەك مۇساپە قويۇپ، چەتئەللەردە يەنى ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشاۋېتىپمۇ ئېھتىيات، قورقۇش ۋە ۋەھىمە ئىچىدە، خىتاينىڭ: «سەن دۇنيانىڭ نەرىدە بولساڭ بول، ئەمما نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىز بىلىپ تۇرىۋاتىمىز» دېگەن كۆزگە كۆرۈنمەس بويۇنتۇرۇقىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاۋاتقان، خىتتاي ئەقىل ئامبىرى مۇتەخەسسىسى ۋە باشلىغى ۋېكتور گاۋ، ئەل جەزىرە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى مەھدى ھەسەننىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا جىددى رەۋىشتە تەكىتلىگەن، «بىر جۇڭگو» سىزىقىدىن چىقىپ كەتمىگەن، ئۆزى ئىنتايىن ياخشى ئەمما، خىتاي يۈرگۈزىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا نىسبەتەن ھەق ـ ئادالەت مەسىلىسىدە سۈكۈت يولىنى تاللىغان پاسسىپ ياخشى ئۇيغۇرلارغا ۋىزا بېرىشكە باشلىدى.

بۇ خىلدىكى ئۇيغۇرلارنى پاسسىپ ياخشى ئۇيغۇرلار دېيىشتىكى سەۋەبىمىز، ئۇلار ۋەتەندىمۇ ئالى مەكتەپلەرنى ئەلا ياكى ياخشى نەتىجىلەر بىلەن پۈتتۈرگەن بولۇپ، چەتئەللەردىمۇ بەلگىلىك ئالى مەكتەپ مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن، ئۆز مىللى تەۋەلىكى ساھەسىدە ھېچقانداق سەلبىي تەسىر پەيدا قىلمىغان، قولىدا چەتئەللەردىكى خېلى ياخشى ئالى مەكتەپلەرنىڭ دىپلوملىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن، ئەمما خىتاي يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقى قىرغىنچىلىقنىڭ قانچىلىك ۋەھىملىك ئىكەنلىكىنى ئىچىدە بىلىپ تۇرسىمۇ، بىر كۆزگە كۆرۈنمەس

كۆلەڭگە سەۋەبىدىن تاشقى ھالىتىدە بىلدۈرەلمەيۋاتقان، ياكى بىلدۈرۈشنى خالىمايۋاتقان ئۇيغۇرلار بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ياققان بۇ قېتىمقى ۋەتەن يولىدىكى يېشىل چىراغقا، يۇقۇرىدىكى بۇ خىل پاسسىپ ياخشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋەتەنگە بېرىش ۋىزىسى بېرىش، ۋەتەندىكى ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ پاسپورتىنى بېجىرىپ بېرىش ئىشلىرىنى باشلىدى. ئەمما قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەن دەرۋازىسىدىن تۇنجى كىرىدىغان چەتئەلدە ياشاۋاتقان يۇقۇرىدىكى سالاھىيەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋىزا ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھەرقانداق بىر دۆلەتتىكى خىتتاي كونسۇل خادىملىرىنىڭ قىلىدىغان ئەڭ ئالدىنقى ئىشى، بۇ پاسسىپ ياخشى ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردىكى سىياسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئارخىپىنى خىتاي بىخەتەرلىك ئىدارىسىغا ئەۋەتىش، سىياسى سالاھىيىتىنى قاتمۇ ـ قات سۈزگۈچلەردىن ئۆتكۈزۈش بولدى. ئەگەر چەتئەللەدىكى بىرەر سىياسى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ قالغان ۋە ياكى بىرەر نامايىشلاردىكى ئوپچى رەسىملەردە غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالغان بولسا، كونسۇلخانىغا چاقىرتىلىپ يۈز تۇرانە سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، بۇندىن كېيىن بۇنداق «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قاتناشمايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىنامىلەر يازغۇزۇلغاندىن كېيىن ۋەتەنگە بېرىش يولىدىكى يېشىل چىراق يېقىپ بېرىلدى.

ئەمما ۋەدىنامە يازغۇزۇش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىجدان ئازابى چەككەن بىر ئايال ۋە بىر ئەر ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلغان، ئۆز ـ ئاۋازىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىدىن، باشقا يازما ئۇچۇرلاردىن شۇنداقلا مەن ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن كىشىلەردىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن خۇلاسىلىغاندا، كۆپۈنچە ھاللاردا ئۈرۈمچى ئايرۇدورۇمىغا، ۋەتەننى زىيارەت قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن باشقا خىتايچە «شېچۈ» دەپ ئاتىلىدىغان ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ خادىملىرىمۇ قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىدىكەن. ئاۋىستىرالىيەدىن ۋەتەنگە بارغان بىر كىشىنىڭ ئىجتىمائىي تارتقۇ سۇپىلىرىدا ئورتاقلاشقان ئۇچۇردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىشىنى ئۈرۈمچى ئايرودورۇمىدا ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن باشقا يەنە ئەشۇ «شېچۈ» نىڭ خادىملىرىمۇ قارشى ئالغان. «شېچۈ» نىڭ ئالاھىدە مېھمىنى بولۇشقا تەكلىپ قىلىنىپ، ئالدى بىلەن چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى، بۇ كىشى تورۇشلۇق دۆلەتلەردىكى سىياسى ئاكتىپلارنىڭ ئەھۋالى بىر قۇر سورالغاندىن كېيىن، خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە ۋەتەنگە كېلىشتىن ئىبارەت ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكىگە رەخمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بىر ۋەدىنامە يېزىشقا مەجبۇرلانغان. ئاندىن «شېچۈ» نىڭ خادىملىرى 20 مىڭ يۈئەن خەلق پۇلىنى ۋەتەن زىيارىتى جەريانىدا خەجلەش ئۈچۈن بۇ كىشىگە ھەدىيە قىلغان. بۇ كىشىنىڭ پاسپورتى «شېچۈ» خادىملىرى تەرىپىدىن

تارتىۋېلىنىپ، ۋەتەن زىيارىتى ئاخىرلىشىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتكە قايتىدىغان چاغدا قولىغا قايتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان. ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ بىلدۈرۈشىچە ئايرۇدۇرۇمدا قارشى ئېلىش ۋە سۆھبەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋىدىئوغا ئېلىنىپ تۇرغان. «شېچۈ» خادىملىرى يەنە، ئەگەر جازا لاگېرلىرىغا سولانغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولسا ئۇلارنى يوقلاپ بارماسلىق، ئۇلار ھەققىدە ۋەتەن زىيارىتى جەريانىدا ۋە قايتقاندىن كېيىنمۇ ھېچقانداق گەپ -سۆز قىلماسلىق ئالاھىدە جېكىلەنگەن. ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ۋىجدان ئازابى چەككەن بىر ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ فەيسبوكقا يوللىغان ئۇچۇرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېلخەت ۋە باشقا ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق خىتاي ئىستىخبارەت خادىملىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇچۇر يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان.

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى ۋەتەنگە بارغان ئۇيغۇرلاردىن سورىلىدىغان سوئاللار قانداقتۇر سىياسى تۈسى كۈچلۈك، چوڭ سوئاللار بولماستىن بەلكى، ئادەتتىكى ئۇششاق-چۈششەك سوئاللار بولۇپ، مەلۇم بىر دۆلەتتىن ۋەتەنگە بارغان بىرخانىمدىن ئۆزى ئويناۋاتقان ئاياللار چېيىدىكى ئاياللارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەققىدە سوئاللار سورالغان يەنى بۇ ئاياللارنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، پەرزەنتلىرىنىڭ قايسى ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغانلىقى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى، پىكىر -ئىدىيە چۈشەنچىلىرى، نېمىلەرگە قىزىقىدىغانلىقى قاتارلىق ئۇچۇرلار بىلەن ئۆزلىرىنى تەمىنلەشنى تەلەپ قىلغان.

خىتتاي 50 يىللىق ياكى 100 يىللىق ئىستىراتېگىيىلىك پىلان تۈزىدىغان مىللەت بولۇپ، بىلىنىپ تۇرۇپتىكى خىتتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەنگە بارغان ئۇيغۇرلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئارقىلىق، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى، پىكىر -ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلەر كۈچى قاتارلىق جەھەتلەردە ئارخىپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئىستىراتېگىيىلىك پىلان، تاكتىكا ۋە سىياسەت تۈزۈشتە بۇ ئۇچۇرلاردىن پايدىلانماقچى بولىۋاتقانلىقى ئېنىق.

خىتاي ئۇيغۇرلارسىز چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارخىپىنى ھەرگىز تۇرغۇزالمايدۇ. خۇددى خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ چۈشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستانسىز قۇرۇقلۇقتا ياۋرۇپا ۋە دۇنياغا ئۇلۇشالمىغىنىدەك. نۆۋەتتە خىتاي تارىخنى قايتا تەكرارلاپ ئۇيغۇرلارنى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇشنىڭ يەنە بىر ئالتۇن پەسلىنى كۈتۈۋېلىش ھازىرلىغاندا تۇرماقتا. ۋەتەن يوللىرىنى داغدام ئېچىشتىكى مۇھىم مەقسىتىنىڭ بىرى شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەللەردىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنگە بېرىشى بىر خەيرلىك ئىش بولۇشتىن بەكرەك قاباھەتلىك ئىش بولىدىغانلىقى پۇراپ تۇرماقتا.

يېقىندا ئامېرىكىنىڭ نيۇ يورك شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق تاڭ يۈەنجۈن ئىسىملىك بىر «دېمۇكراتچى» خىتتاي 2018-يىلىدىن 2021-يىلىغىچە بولغان، خىتتاي دۆۋلەت خەۋپسىزلىگى مىنىستىرلىقىنىڭ ئالاھىدە جاسۇسى بولۇپ ئىشلىگەنلىك جىنايىتى بىلەن، ئامېركا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئەيىپلەندى. ئۇنداقتا تاڭ يۈەنجۈن ئىسىملىك بۇ خىتتاي كىم؟ ئۇنىڭ تەرجىمھالىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. بۇ يىل 67 ياشقا كىرگەن تاڭ يۈەنجۈن 1989-يىلىدىكى تيەن ئەنمېن ئوقۇغۇچىلار نامايىشىغا قاتناشقان ۋە بۇ ھەرىكەتتە ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى سەۋەبىدىن، 20 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، 8 يىل تۇتقاندا قويۇپ بېرىلگەن. تاڭ يۈەنجۈن يەنە تەيۋەن بوغۇزىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ تەيۋەنگە قېچىپ كېلىش ۋە ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا كېلىش ھەمدە ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتايغا قارشى سىياسى ئاكتىپقا ئايلىنىش ۋە بەزى خىتايغا قارشى سىياسى تەشكىلاتلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش قاتارلىق ھايات ھېكايىلىرى بىلەن، دېمۇكراتچى خىتايلار نەزىرىدىكى بىر قەھرىمان ھېسابلىناتتى. تاڭ يۈەنجۈننىڭ كوممۇنىست خىتاي ئۈچۈن ئىشلەيدىغان جاسۇس ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىشى بىلەن، چەت ئەللەردە خىتايغا قارشى سىياسى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر، تىبەت ۋە دېموكراتچى خىتاي تەشكىلاتلىرى ھەيرانلىققا چۆمدى.

ئامېرىكا ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئەيىپنامىسىدە دېيىلىشىچە، تاڭ يۈەنجۈن ئامېرىكىدا تۇرۇپ، كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەخس ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى، جۈملىدىن خىتتاي دېمۇكراتچىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى خىتاي خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىغا يەتكۈزگەن. ئۇ ئالاھىدە ئېلخەت ئادرېسى، شىفىرلىق تور سۆھبىتى، قىسقا ئۇچۇر، ئۈن- سىنلىق پاراڭلىشىش قاتارلىق يوللار بىلەن خىتتايغا ئۇچۇر يەتكۈزگەن.

يېقىندا ئاشكارىلانغان كونا خىتاي دېمۇكراتچى قەھرىمانىنىڭ، خىتاي جاسۇسىغا ئايلىنىش ھېكايىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تاڭ يۈەنجۈن 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتىنىدىكى ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئانىسى ئاغرىقچان بولغانلىقتىن، ئېغىر روھى بېسىمدا قالغان تاڭ يۈەنجۈنگە تۇيۇقسىز ۋەتىنىگە بېرىپ ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش يېشىل چىرىقى يېقىپ بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ ۋەتىنىگە قايتىش بەدىلىگە كوممۇنىست خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلانغان. خىتاي دېمۇكراتچىلىرىنىڭ نەزىرىدىكى كوممۇنىست خىتايغا ئىنتايىن ئۆچ دەپ

قارالغان دېموكراتچى قەھرىمان تاڭ يۈەنجۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى يازغۇچى جورج ئورۋېل (George Orwell) نىڭ 1984 ناملىق كىتابىدىكى باش پېرسوناژ ۋىنستىن سمىس (Winston Smith) نىڭ تەقدىرىگە بەك ئوخشايدىغان بولۇپ گەرچە ۋىنستىن سمىس (Winston Smith) مۇ دىكتاتور كوممۇنىست ھاكىمىيەتكە ئىنتايىن ئۆچ بولسىمۇ ئەمما ئېغىر تەن جازاسى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تامامەن ئۆزگەرتىپ ئۇنى بىر ساتقۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. كوممۇنىستلار ئۇنىڭ يۈزىنى چاشقانغا تاتىلتىشتەك قەبىھ تەن جازاسى بېرىشى نەتىجىسىدە ۋىنستىن سمىس (Winston Smith) ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ۋە ئاشىق بولغان ئايالنىمۇ سېتىۋەتكەن. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن يولدا ئۇ ئايال بىلەن يولدا ئۇچرىشىپ قالغاندا خۇددى بىر ـ بىرىنى تونۇمايدىغان كىشىلەردەك ئۆتۈپ كېتىشكەن.

ۋەتەنگە بېرىشنىڭ چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە

1 ـ خىتتاي دېموكراتىك بىر قانۇن دۆلىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋەتەنگە بېرىپ كېلىۋاتقانلار ھەققىدە چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ھەر خىل گۇمانلارنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاڭ يۈەنجۇندەك كوممۇنىست خىتتايغا ئۆچ، قەھرىمان دەپ تونۇلغان خىتتاي دىموكراتچىسىنىڭ خىتاي جاسۇسى بولۇپ چىقىشى بۇ ھەقتىكى كۆز ـ قاراشلارنىڭ ئۇلغىيىشىنى تېخىمۇ تەستىقلاپ بېرىدۇ. نەتىجىدە ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتەنگە بارمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچسىزلىك يەنى بىر ھاڭ پەيدا بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ، «بۇ خىتايغا ئۇچۇر يوللاۋاتامدىغاندۇ ؟» دەيدىغان ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ. خۇددى ۋەتەن ئىچىدىكى بىر ئائىلە كىشىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلالمىغاندەك بىر ۋەزىيەتنى خىتتاي چەت ئەللەردىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرغان بولىدۇ.

2 ـ خىتاي ۋەتەنگە بېرىپ كېلىش يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەندىن سىرت، باشقا ئىمتىياز ھەم ئىمكانىيەتلەرنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن ئۇيغۇرلارنى، «ۋەتەن ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، لاگېر دېگەن بىر نەرسە يوقكەن» دەيدىغان تەشۋىقاتلارنى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ۋەتەنگە بېرىشقا دەۋەت قىلغۇچىلارغا ئايلاندۇرماقتا. يېقىندا گوللاندىيەدىن ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەن بىر خانىمنىڭ ئاكارىلىشىچە، خىتايلار ئۇ خانىمنى سوراق قىلغاندا: «بىز چەت ئەللەردىكى ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ ۋەتەنگە چوقۇم كېلىش ئىمكانىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىمىز» دەپ ناھايىتى ئىشەنچلىك ۋە ناھايىتى كەسكىن تەكىتلىگەن. بۇ دېگەنلىك، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خىتاي گىراجدانلىرىغا ۋىزا كەچۈرۈم

قىلىنىش، ۋەتەنىنىڭ ئەھۋالى بەك ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، خەلقلەر، باي-باياشات، خۇشال-خۇرام ياشايدىكەن دېگەن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، خىتايدىن پىنسىيەگە چىققان، ئەمما ئۆزى چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ پېنسىيە مۇئاشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈش، تۇققان يوقلاش ئۈچۈن بارغانلارغا تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇش قاتارلىق تاكتىكىلارنى قوللىنىش ئارقىلىق كېلەچەكتىكى ۋەتەنگە قايتىشنى ئويلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشنى ئاللىقاچان پىلانلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

3-خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەنگە بارغان ئۇيغۇرلاردىن توپلىغان ۋىدىئولۇق ۋەدىنامە ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەن رەھمەتلەرنى نەشىر قىلدۇرۇپ، ئاق تاشلىق كىتابلىرىغا پاكىت سۈپىتىدە كىرگۈزۈشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ياۋروپا بىرلىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەر پارلامېنتلىرىدا پاكىت سۈپىتىدە ئىشلىتىشى، چەت ئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە سىياسى ئاكتىپلىرىنى بۇ پاكىتلار بىلەن مات قىلماقچى بولىشى، ئۇلارنى « بىر ئوچۇم مىللى بۆلگۈنچىلەر» ، « ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ» دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن.

4-ۋەتەنگە ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن بېرىش بەدىلىگە، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوئال-سوراق قىلىنىشى، تۇزاق، تەھدىت، ۋەھىمە ۋە قىيىن قىستاققا ھەتتا تەن جازاسىغا ئۇچراپ، شەرتسىز ھالدا ئۆزلىرىگە ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە مەجبۇرلىنىشى، بۇنداق روھى ۋە جىسمانى بېسىمغا ئۇچرىغان ئۇيغۇرلار ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تەڭ قىسىلىقتا قېلىپ، ئىنتايىن ئېغىر روھى ئازاپ تارتىپ، پىسخىكىسى ۋەيران بولۇشى ھەتتا ۋىجدان ئازابى تارتىپ ھاياتىدىنمۇ ۋاز كېچىشى مۇمكىن.

چىكاگو ئونىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسورى، كىشىلىك ھوقۇق ئادۋۇكاتى تىڭ بىئاۋ (Teng Biao) ئەپەندىم ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭزىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، خىتتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەللەردىكى كومۇنىست خىتتايغا قارشى ئۆكتىچىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى گەرچە كۆپ خىل بولسىمۇ، ئەمما مەلۇم مەنىپەئەت ۋەدە قىلىش ياكى ۋەتەندە قالغان ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ئارقىلىق تەھدىت سېلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئەڭ كۆپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسۇللارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ دېگەن.

نۆۋەتتىكى خىتتاي دۆلىتىنىڭ ۋەزىيىتى خىتايلارغا قارىغاندا خىتاي مىللىتىدىن بولمىغان ئۇيغۇرلار

ئۈچۈن ئىنتايىن قاباھەتلىك بىر قارا ئۆڭكۈرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ سىرلىق قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ھەر بىر ۋەتەن زىيارىتى قىلغۇچى ئۇيغۇر ئۈچۈن قاراڭغۇ بولۇپ، سوئال سوراق، تەھدىت ۋە جاسۇسلۇققا زورلاش قىلمىشلىرى قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان ئاددى ئىشلار.

قىسقىسى ۋەتەن يولىنىڭ ئېچىلىشى ھەرگىزمۇ خىتاينىڭ دېموكراتىك، ئەركىن، ئادالەتپەرۋەر بىر دۆلەت بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ۋە ياكى ئۇيغۇرلارغا ياخشىلىق قىلىش مەقسىتىدە قىلىنۋاتقان شاپائەتمۇ ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ 8 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى پەردازلاش ۋە يېپىش خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ئوبرازىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان بىر كۆز بويامچىلىقتىنلا ئىبارەت خالاس.

2024 ـ يىلى، سېنتەبىر، تورونتو

# خىتايدا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈرمىگە تاشلانغان



قاسىم كاشغەر

# خىتايدا نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈرمىلەرگە تاشلانغان

قاسىم كاشغەرى

ۋاشىنگتوندىكى «تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى» (Index on Censorship) تەشكىلاتى دۇنيا مىقياسىدا پىكىر ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىنكى نەشرىدە دۇنيادا ئۈن-تىنسىز يوقاپ كېتىۋاتقان ئالىملار ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر توغرىسىدا مەخسۇس توختالماقچى. يىللاردىن بېرى ئالىملار، زىيالىيلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئالىملار ۋە زىيالىلار كۆپلەپ يوقاپ كېتىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى خىتاي دۆلىتىدۇر.

نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتى، يەنى «ئۇيغۇريار» نىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەزكۇر تەشكىلات خىتايدا يوقاپ كەتكەن ۋە تۈرمىگە تاشلانغان 200 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى كەسپىي خادىملارنى تىزىملاپ چىققان.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى، ئامېرىكىدا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان تۇرسۇنجان نۇرمەمەتتۇر. ئۇ شەرقىي تۈركىستانلىق ئۇيغۇر بولۇپ، مولېكۇلا بىئولوگىيەسى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس،2021- يىلى يوقاپ كېتىشتىن بۇرۇن پەن-تېخنىكا مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن. تۇرسۇنجان يەنە «بىلىگە» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن، ئىلىم-پەن ۋە ئالىملار توغرىسىدىكى ئىنگلىزچە كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىپ كەلگەن.

تۇرسۇنجاننىڭ شاگىرتى توگچى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى كونا خىزمەتداشلىرىنىڭ بىرى 2021-يىلى 7-ئايدا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ مۇخبىرىغا ئۇنىڭ شۇ يىلى 4-ئايدا قولغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە تەكشۈرۈلىۋاتقانلىقىنى دەلىللىگەن.

ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسى (VOA) مۇخبىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر ئىگىلەش ئۈچۈن، ۋاشىنگتوندىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى لىيۇ پېڭيۇ (Liu Pengyu) دىن سورىغان

سۇئاللىرىغا: «مەن بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەرسىز، شۇڭا بۇ ھەقتە كۆپ نەرسە دەپ بېرەلمەيمەن، ئەمما خىتاي قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت. سوت ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دەپ يازما جاۋاب كەلگەن.

تۇرسۇنجان قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن، ماساچۇسېتس شتاتى كەمبرىج (Cambridge Massachusetts) شەھىرىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرنال «سېل پرەس» (Cell Press) نىڭ مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

«تۇرسۇنجان بىلەن غايىپ بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەندە ئۇ 'قاپسىلىپ قالغانلىقىنى، ھېچيەرگە كېتەلمەيدىغانلىقى' نى ئېيتقان ئىدى» دەيدۇ، ئۇنىڭ ھازىر كانادادا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر مۇساپىر دوستى. ئامېرىكا ئاۋازى رادىئوسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان تۇرسۇنجاننىڭ كانادا ۋە ئامېرىكىدا ياشايدىغان دوستلىرى، تۇرسۇنجان توغرىسىدىكى بىلىدىغانلىرىنى، ئۇنىڭ ساغلاملىقى ۋە خىتاي تۈرمىسىدىكى ئەھۋالىدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن ھەمدە ۋەتىنىدە قالغان ئۇرۇق- تۇققانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن مۇخبىردىن ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان.

سېل پرېس (Cell Press) نىڭ ئاخبارات ۋە ئالاقە مەسئۇلى جوسېف كاپۇتو (Joseph Caputo)، ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ مۇخبىرىغا تۇرسۇنجاننىڭ ھەققەتەن بۇ ژورنالدا قىسقا مەزگىل ئىشلىگەنلىكىنى دەلىللىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن.

«ئۇيغۇرلار» نىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىنىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «غايىپ بولغان نۇرغۇن باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئوخشاش، تۇرسۇنجاننىڭ نىمە گۇناھ ئارتىلىپ، نەچچە يىللىق كېسىلگەنلىكىنى، نەدە ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ» دېگەن.

ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىلدۈرىشىچە، خىتاي 2017- يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈركىي تىللىق ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى تېخىمۇ قاتتىق قوللۇق بىلەن كۈلەملەشكەن ھالدا ئىجرا قىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھەق- ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش، يەنى مىليونلىغان ئۇيغۇرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش،

ئايالىلارنى تۇغماس قىلىۋېتىش ياكى مەجبۇرى بالا چۈشۈرۈش، ھەمدە قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىش قاتارلىق دەپسەندىچىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بۇ قەبىھ سىياسەتلىرى، ئامېرىكا ۋە بىر قانچە غەرب دۆلەتلىرى پارلامېنتى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتىلدى. ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشخانىسىمۇ بۇ قىلمىشلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتكە ياتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

خىتاي بۇ ئەيىبلەشلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنىڭ زوراۋانلىق، تېرورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەنلىكىنى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى خىتايغا قارشى كۈچلەرنىڭ يالغان ئۇچۇر تارقاتقانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ تەكشۈرۈلىشى

ئابدۇۋەلى ئايۇپ، تۇرسۇنجاننىڭ دېلوسىنى ئۇيغۇر ئالىملىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈشنىڭ تىپىك مىسالى دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىغا: «خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللەردە ئوقۇغان، ئىلىم تەھسىل قىلغان شۇنداقلا دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرسۇنجانغا ئوخشاش ئۇيغۇر ئالىملىرىنى تەكشۈرۈشنى نىشان قىلغان. دەل شۇنداق بولغاچقا تۇرسۇنجاننىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىلمىي ئەسەرلىرى ۋە پەن-تېخنىكىغا ئائىت ماتېرىياللىرى ئۇنى تەكشۈرۈش نىشانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان» دەيدۇ.

ئابدۇۋەلى ئايۇپ، تۇرسۇنجاننىڭ ئىلىم-پەنگە ئائىت نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە، ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشى ۋە يېزىشى خىتاينىڭ ئۇيغۇر تىلىنى مائارىپتىن سىقىپ چىقىرىش سىياسىتىگە قارشى تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ.

ئۆتكەن 20 يىل مابەينىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىكى ئىلىم-پەنگە ئائىت ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان مەزمۇنلارنى تەدرىجىي يوقىتىشقا ئۇرۇنغان.

ئابدۇۋەلى ئايۇپ يەنە تۇرسۇنجاننىڭ دىپلوسىنى كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر جۇغراپىيە ئالىمى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى تاشپولات تېيىپنىڭ دىپلوسى بىلەن سېلىشتۇردى. تۇرسۇنجان دەل شۇ مەكتەپتە باكلاۋۇرلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى تاماملىغان.

تاشپولات تېيىپ 2017- يىلى تۇرسۇنجان قولغا ئېلىنىشتىن تۆت يىل ئىلگىرى بېيجىڭدىن بېرلىنغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كېتىۋاتقان يولدا غايىب بولغان. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭ ئىز-دېرىكى ياكى ئۇنىڭ نېمە جىنايەت بىلەن ئەيىبلەنگەنلىكىگە ئائىت ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

«ھەتتا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تور بېتىدىمۇ ئۇنىڭ ئىسمى تارىخىي مۇدىرلار تىزىملىكىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن. ئەمما 1949-يىلى تەيۋەنگە قېچىپ كەتكەن سابىق خىتاي مۇدىرىنىڭ ئىسمى تېخىچە تىزىملىكتە ساقلاقلىق تۇرماقتا» دەپ تەكىتلەيدۇ ئابدۇۋەلى ئايۇپ.

ئامېرىكا مائارىپىنىڭ خەتىرى

تۇرسۇنجان 2009- يىلى كۇزدە ۋايومىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Wyoming) نىڭ مولېكۇلا بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشىنى باشلىغان، كېيىن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ شۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئالماشقان ھەمدە 2018- يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغان.

تۇرسۇنجان دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدا 2017- يىلى يازدا ئايالى نۇرمانگۈل ۋە ئامېرىكىدا تۇغۇلغان 5 ياشلىق قىزى تۇمارىسنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىخەنزە ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىنىش يۈزتۇرانە كۆرۈشمە ئۈچۈن بارغان.

«ئۇلار خىتاي ئايرودرومىدا خىتاي ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن سوراق قىلىنغان ۋە ئايالى ئىككىسىنىڭ قولىدىكى پاسپورتلىرى تارتىۋېلىنغان، ئۇلارنىڭ قىزىنىڭ ئامېرىكا پاسپورتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، سوئال- سوراقتىن ئامان قالغان» دەيدۇ ئۇنىڭ بىر دوستى.

«نەچچە ھەپتە سوئال سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، ئاخىرى خىتاي دائىرىلىرى ئۇنىڭ ئامېرىكا

پۇقراسى بولغان ئايالى ۋە قىزىنى خىتاي دۆلىتىدىن سىرتقا چىقارماسلىق ئۈچۈن شەرتى بىلەن تۇرسۇنجاننىڭ ئامېرىكىغا قايتىپ دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىشىغا رۇخسەت قىلغان، ھەمدە ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن جەزمەن خىتايغا قايتىپ كېلىشكە ۋەدە بېرىشكە قىستىغان» دەيدۇ، ئۇنىڭ دوستى يەنە قوشۇمچە قىلىپ.

قايتىپ كېتىشىنىڭ خەتىرى

2018- يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، تۇرسۇنجان خىتايغا قايتىشتىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

2018- يىلى 4- ئاينىڭ 11- كۈنى ئۇنىڭ ئامېرىكادىكى بىر دوستىغا يوللىغان ئۇچۇرىدا: «مەن بەكلا ئەنسىرەپ تۇرىۋاتىمەن، شىخەنزە ئۇنىۋېرستېتى مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى سۈيلەۋاتىدۇ، ئەمما ئۆتكەن يىلى يازدىكى كەچۈرمىشلەردىن كېيىن، مەن قايتىپ كېتىشتىن قورقىۋاتىمەن» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئۇچۇرىنىڭ ئىكران كۆرۈنمىسى ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىغا بېرىلگەن. ئۇ يەنە «ئائىلەمدىكىلەر بىلەن جەم بولالماسلىقتىن ئەنسىرەيمەن، ئۇلارنىڭ پاسپورتىنى قايتا قولغا ئېلىپ ئامېرىكاغا قايتىپ كېلەلىشىنى، بۇ يەردە جەم بولۇشىمىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازغان.

گەرچە شۇنداق ئەندىشىلەردە بولغان بولسىمۇ، تۇرسۇنجان يەنىلا «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرستېتىنى پۈتتۈرگەن ئايالىنى قۇتقۇزۇشنى مەقسەتتە 2018- يىلى يازدا خىتايغا قايتقان. ئۇنىڭ دوستىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇنجاننىڭ ئايالى 2017- يىلدىن باشلاپ ئۆيىگە نەزەربەند قىلىنغان بولۇپ، كېيىنچە مىليونلىغان باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتالغان لاگېرغا قامالغان.

دوستى يەنە مۇنداق دەيدۇ، «تۇرسۇنجان خىتاي دائىرىلىرىگە بەرگەن قايتىپ كېلىش ۋەدىسىگە ئەمەل قىلسا ئايالى ۋە ئامېرىكادا تۇغۇلغان قىزىنى قۇتقۇزالايمەن دەپ ئويلىغان».

ئەمما، ئۇ بىۋاستە ئايالى تۇتۇپ تۇرۇلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانغا قايتىشىنىڭ ئورنىغا، شاڭخەي تونگجى ئۇنىۋېرستېتىغا بېرىپ تەتقىقاتچىلىق خىزمىتىنى قىلىشنى تاللىغان. بۇنداق قىلىشىدىكى مەقسەد ئۇ شاڭخەيىنىڭ بىخەتەررەك بولىدىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قايتا جەم

بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدە. بىراق ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئارزۇ- ئۈمىتلىرى ھامان كۆپۈككە ئايلانغان، ئۇ ئاخىرىدا خۇددى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى باشقا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا ئوخشاش تۇتقۇن قىلىنىش، قاماققا ئېلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.voanews.com/a/hundreds-of-uyghur-scientists-imprisoned-in-china-rights-group-says-/7754901.html

# ئامېرىكادىكى دۆلەت باغچىلىرى



دوختور مەمەت ئېمىن

# ئامېرىكادىكى دۆلەتلىك باغچىلار

مەمەت ئېمىن دوختۇر

كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ساياھەت قىلىشنى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان مەن ئۈچۈن، ئامېرىكا چوڭ بىر غەزىنە ئىدى. بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى چوڭ بولۇپلا قالماي، بۇك ـ باراقسان قارىغايزارلىقلار، بىپايان ئورمانلىقلار، كۆللەر، چۆللەر، يايلاقلار ۋە قۇملۇقلار، يېشىللىقتا پۈركەنگەن تاغلاردىن تارتىپ، بىر تال گىيامۇ ئۆسمەيدىغان قاقاس تاغلارغىچە، يەتتە ئىقلىمدا بار بولغان ھەر خىل تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېپىلىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكانىڭ دۆلەتلىك باغچىلىرىدا، ئىنسانغا ئېچىلمىغان ئەڭ ئىپتىدائىي قىياپەتتىكى تەبىئىي مەنزىرىلەر بار. باغچا، دېگەندە بەلكىم كۆپىنچىمىزنىڭ كۆز ئالدىغا شەھەرلەردىكى ئىنسانلار ياساپ چىققان ۋە پەرۋىش قىلىپ تۇرىدىغان گۈلزارلىق مەنزىرىلەر كېلىشى مۇمكىن؛ ئەمما ئامېرىكانىڭ دۆلەتلىك باغچىلىرى، ئەمەلىيەتتە فېدېرال ھۆكۈمەتكە تەۋە بولغان، ئولتۇراق ئاھالىلىرى بولمىغان، ئېچىلمىغان ۋە ئەسلى تەبىئىيلىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ساقلاپ قېلىنغان تەبىئىي قوغدىلىدىغان رايون بولۇپ، ئۇ باغچىلاردا ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ھازىرقى زامان قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى بولغاندىن باشقا، مۇھىت ۋە ئېكولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە تەسىر يەتكۈزىدىغان ھېچقانداق قۇرۇلۇشلار يوق. دۆلەتلىك باغچىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەتتا تېلېفون سىگنالىمۇ تارتمايدىغان بولۇپ، ۋاقىتلىق بولسىمۇ تۇرمۇشنىڭ جىددىيلىكىنى ئۇنتۇپ، گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرىدىن، ساپ ھاۋادىن بەھرىمان بولۇشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان مۇھىم جاي ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكادا جەمى 63 دۆلەتلىك باغچا ۋە 154 فېدېرال ھۆكۈمەتكە تەۋە دۆلەتلىك ئورمانلىق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 1 مىليون كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا ۋە ئامېرىكا ئومۇمى زېمىنىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 50 شتاتنىڭ ھەممىسىدە شتاتلىق باغچىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆلىمى دۆلەتلىك باغچىنىڭكىدەك ئۇنداق چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى شتاتلار ئۆزىگە تەۋە بولغان ئۇ باغچىلارنىڭ تەبىئىيلىكىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قوغداپ قىلىشقا تىرىشقان. مەن تۆۋەندە ئۆزۈم ساياھەت قىلغان مەشھۇر دۆلەتلىك باغچىنىڭ بىرنەچچىسىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

چوڭ جىلغا دۆلەتلىك باغچىسى **(Grand Canyon National Park)**




چوڭ جىلغا دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكانىڭ ئارىزونا شتاتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ باغچىنىڭ مەركىزى ئالاھىدىلىكى كولورادو دەرياسىنىڭ جىلغىسى بولۇپ، بۇ باغچا دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 4926 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ 1979 ـ يىلى يۇنېسكو (UNESCO) تەرىپىدىن دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. چوڭ جىلغا دۆلەتلىك باغچىسى كەڭرى ئېقىن ئۆستەڭ سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارە قاتلاملىق رەڭدار تاشلارنىڭ بىرىكىشى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. چوڭ جىلغىنىڭ ئۆزى كولورادو (Colorado) ئېگىزلىكى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن كولورادو دەرياسى ۋە ئۇنىڭ تارماق ئېقىنلىرىنىڭ كېسىلىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، كولورادو دەرياسى سىستېمىسىنىڭ ھازىرقى يولىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ باغچىنىڭ ئاساسلىق رايونلىرى جەنۇبى ۋە شىمالىي رىم (Rim) يەنى گىرۋەكلىرى بولۇپ، شىمالىي گىرۋەككە قارىغاندا،جەنۇبى گىرۋەك زىيارەت قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىق، بۇ باغچىغا ساياھەتكە كەلگەن % 90 ساياھەتچى مۇشۇ جەنۇبىي گىرۋەكنى كۆرىدۇ.

مەن بۇ باغچىنى 2005 ـ يىلى زىيارەت قىلغان ئىدىم، لاسۋېگاس (Las Vegas) تىن ماشىنا ھەيدەپ بېرىپ جەنۇبى گىرۋىكىنى ئايلانغان ئىدىم. بۇ باغچىنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدە، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، يازدا ئالاھىدە ئىسسىق بولغاچ، بۇ مەنزىللەردە ساياھەت قىلىدىغانلار يېتەرلىك سۇ ھازىرلاپ بېرىشى سۇ ئىچىپ تۇرۇشى كېرەك.

ئەكەيدىيا دۆلەتلىك باغچىسى **(Acadia National Park)**

ئەكەيدىيا دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكانىڭ مەيىن (Maine) شتاتى دېڭىز قىرغىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ باغچىدا ئامېرىكانىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغىقىدىكى ئەڭ ئېگىز تاغ كادىلاك تېغى (Cadillac Mountain)، ئاشكارىلانغان گرانىت گۈمبەز، مۇزلۇق تاشلار، ھەر خىل

شەكىللىك جىلغىلار ۋە تاش ئابىدە ساھىللىرى بار. بۇ باغچا تاغ، كۆل، ئېقىن، ساسلىق يەر، ئورمان، يايلاق، دېڭىز قىرغاقلىرى ئۆسۈملۈكى ھەمدە ھايۋانلارنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن داڭلىق؛ ئومۇمى يەر كۆلىمى 2198 كۋادرات كىلومېتىر.

مەن بۇ باغچىنى 2007 ـ يىلى زىيارەت قىلغان، بۇ باغچىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بولۇپ؛ دېڭىز دولقۇنلىرى كۈچلۈك؛ مۇبادا تاڭ سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدىكى دېڭىز مەنزىرىسگە نەزەر سالسىڭىز ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىنى كۆرەلەيسىز.

گراند تېتون دۆلەتلىك باغچىسى **(Grand Teton National Park)**



گراند تېتون دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكانىڭ غەربىي شىمالدىكى ۋايومىڭ (Wyoming) شتاتىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمى كۆلىمى تەخمىنەن 1300 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ باغچا ئاساسلىقى گۈزەل تاغ، ئورمانلىق، كۆل ۋە ھەر خىل كەم ئۇچرايدىغان ئۇچار قۇشلار ۋە ھايۋانلار بىلەن داڭلىق. مەن بۇ باغچىنى 2021 ـ يىلى زىيارەت قىلغان بولۇپ، مەن يۇتاھ شتاتى (Utah) دىكى تۇزلۇق كۆل شەھرىدىن ماشىنا ھەيدەپ بارغان. گراند تېتون دۆلەتلىك باغچىسى، تاغقا يامىشىش، پىيادە يول يۈرۈش، گۈزەل كۆللەرنى سەيلى قىلىش، بېلىق تۇتۇش ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ياخشى جاي بولۇپ، ئۇ باغچىدا 1000 دىن ئارتۇق ماشىنىدا ئۇخلايدىغان ئورۇن ۋە 320 كىلومېتىردىن ئارتۇق پىيادىلەر يولى بار.

سېرىقتاش دۆلەتلىك باغچىسى **(Yellowstone National Park)**

سېرىقتاش دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت باغچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 8983 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.



ئۇنىڭ كۆپ قىسمى ۋايومىڭ (Wyoming) شىتاتىغا، يەنە بىر قىسمى مونتانا (Montana) ۋە ئايداخو (Idaho) شتاتلىرىغا جايلاشقان. سېرىقتاش دۆلەتلىك باغچىسىدا ھەيۋەتلىك جىلغا، ئېگىز تاغ، دەريا، ياپيېشىل ئورمانلار، ئىسسىق ئارشاڭلار ۋە قەرەللىك ئېتىلىپ چىقىدىغان تەبئىي فونتانلار بار.

مەن بۇ باغچىنى 2021 ـ يىلى زىيارەت قىلغان ئىدىم. بۇ باغچا شىمالدىن جەنۇبقا 101 كىلومېتىر، غەربتىن شەرققە 87 كىلومېتىر كېلىدۇ. دەريا ۋە كۆللەر يەر كۆلىمىنىڭ بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئەڭ چوڭ كۆل سېرىقتاش كۆلى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 120 مېتىر، ۋە دېڭىز يۈزىدىن 2335 مېتىر ئېگىزلىكتە. سېرىق تاش كۆلى شىمالىي ئامېرىكادىكى ئەڭ ئېگىز كۆل بولۇپ، ئۇنىڭ قىرغىقى 180 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا. ئورمانلىق باغچىنىڭ يەر كۆلىمىنىڭ 80 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ قالغان جايلىرى يايلاقلاردۇر.

روككى تېغى دۆلەتلىك باغچىسى **(Rocky Mountain National Park)**



روككى تېغى دۆلەتلىك باغچىسى، كولورادو (Colorado) نىڭ ئوتتۇرا شىمالىدىكى دېنۋېر (Denver) شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 89 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، 1976-يىلى، يۇنېسكو (UNESCO) بۇ باغچىنى تۇنجى دۇنيا بىئولوگىيىلىك قوغداش رايونىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن. روككى تېغى دۆلەتلىك باغچىسى 1074 كۋادرات كىلومېتىر فېدېرال زېمىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ 1024 كۋادرات كىلومېتىر فېدېرال ئورمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باغچىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى دەريا ۋە ئېقىنلار تىنچ ئوكيانغا قاراپ ئاقسا، باغچىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دەريا ۋە ئېقىنلار ئاتلانتىك ئوكيانغا قاراپ ئاقىدۇ.

مەن بۇ باغچىنى 2021 - يىلى زىيارەت قىلغان بولۇپ، بۇ باغچا ھەيۋەتلىك تاغلىرى، گۈزەل ئورمانلىقلار، كۆللەر بىلەن مەشھۇر. روككى تېغى دۆلەت باغچىسى، ئامېرىكادىكى ئەڭ ئېگىز دۆلەت باغچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئېگىزلىكى 2396 دىن 4366 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى لوڭس چوققىسى (Longs Peak).

ئارچېز دۆلەتلىك باغچىسى **(Arches National Park)**



ئارچېز دۆلەت باغچىسى، ئامېرىكانىڭ يۇتاھ (Utah) شتاتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، 2000 دىن ئارتۇق تەبىئىي قوۋۇق تاش ئەگمىسىدىن تۈزۈلگەن؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىقى نازۇك قوۋۇق (Delicate Arch) بولۇپ، ئۇ باغچا دۇنيادىكى تەبىئىي قوۋۇقلارنىڭ زىچلىقى ئەڭ يۇقىرى باغچا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە ھەر خىل ئۆزگىچە گېئولوگىيىلىك بايلىق ۋە شەكىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ باغچا كولورادو ئېگىزلىكى (Colorado Plateau) گە جايلاشقان 310.31 كۋادرات كىلومېتىر ئېگىزلىكتىكى قۇملۇقتىن تەركىب تاپقان. باغچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا ئەلىفەنت بىيۇت (Elephant Butte) چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 1723 مېتىر، ئەڭ پەس چوققىسىغا ساياھەتچىلەر مەركىزى جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 1245 مېتىر كېلىدۇ.

مەن بۇ باغچىنى 2021 ـ يىلى زىيارەت قىلغان،بۇ مەن زىيارەت قىلغان باغچىلار ئىچىدىكى ئەڭ قۇرغاق باغچە ھېسابلىنىدۇ؛ يامغۇر بەك ئاز ياغقاچقا، ياز پەسلىدە تېمپراتۇرىسى 40 گرادۇستىن ئاشىدۇ.

زىيون دۆلەتلىك باغچىسى **(Zion National Park)**




زىيون دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكىنىڭ يۇتاھ (Utah) شتاتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ باغچا جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئۈسۈملۈك، قۇش ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭدا ئورغۇنلىغان ئۈسۈملۈك تۈرلىرى، شۇنداقلا 289 خىلدىن ئارتۇق ئۇچار قۇش، 75 خىلدىن كۆپ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار، 19 خىلدىن كۆپ شەپەرەڭلەر ۋە 32 خىلدىن كۆپ ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار بار. زىيون دۆلەتلىك باغچىسى تاغ ۋە جىلغىلار، تۆپىلىكلەر ۋە ئويمانلىقلار شۇنداقلا تەبىئىي قوۋۇقلاردىن تەركىپ تاپقان. باغچىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 1177 مېتىر ئېگىز، ئەڭ ئېگىز چوققىسى يەنى ئات باقمىچىلىق تېغى (Horse Ranch Mountain) نىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 2660 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. ئومۇمى كۆلىمى 590 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ باغچىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى زىيون جىلغىسى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، چوڭقۇرلۇقى 800 مېتىر كېلىدۇ.

مەن بۇ باغچىنى 2021 ـ يىلى زىيارەت قىلغان بولۇپ، ئۇ مەن زىيارەت قىلغان باغچىلار ئىچىدە ئەڭ ئىسسىق باغچە ھېسابلىنىدۇ، ياز پەسلىدە تېمپراتۇرىسى 46 گرادۇستىن ئاشىدۇ.

بىرايىس جىلغىسى دۆلەتلىك باغچىسى **(Bryce Canyon National Park)**



بېرايس جىلغىسى دۆلەتلىك باغچىسى ئامېرىكانىڭ يۇتاھ (Utah) شتاتىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان دۆلەت باغچىسى. بۇ باغچىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بېرايس جىلغىسى (Bryce Canyon) بولۇپ، گەرچە ئىسمى جىلغا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە جىلغا بولماستىن، بەلكى پاۋساۋگونت ئېگىزلىكى(Paunsaugunt Plateau) نىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بىر يۇرۇش غايەت زور تەبىئىي سۇ ئامبارلىرىدىن تەشكىل قىلىغان. بېرايس خۇدوس (Hoodoos) دەپ ئاتىلىدىغان گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما سەۋەبىدىن ئالاھىدە بولۇپ، قىرولۇق سوغۇق ھاۋارايى ۋە دەريا ۋە كۆللەرگە ئېقىپ كەلگەن چۆكمە تاشلاردىن شەكىللەنگەن. بۇ باغچىدىكى قىزىل، قىزغۇچ سېرىق ۋە ئاق رەڭلىك تاشلار ساياھەتچىلەرگە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك، گۈزەل تۇيغۇ بەخش ئېتىدۇ. گەرچە باغچىنىڭ كۆلىمى ئارانلا 145.02 km2 بولۇپ باشقا باغچىلارغا قارىغاندا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما يېنىدىكى زىئون دۆلەت باغچىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېگىز  كۆرۈنىدۇ، بېرايس جىلغىسى گىرۋىكىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 2400 دىن 2700 مېتىرغىچە ئېگىز.

مەن بۇ باغچىنى 2021 ـ يىلى زىيارەت قىلغان ئىدىم. بۇ باغچىنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدە، تۇپراقلىرى قىزىل رەڭلىك، ھاۋاسى قۇرغاق ھەم تىنجىق بولغاچقا، ساياھەتچىلەر بەدەنگە داۋاملىق سۇ تولۇقلاپ تۇرمىغاندا ئاسانلا سۇسىزلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

بۈيۈك ئىس-تۈتەك تېغى دۆلەتلىك باغچىسى **(Great Smoky Mountain National Park)**

بۈيۈك ئىس-تۈتەك تېغى دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكانىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان دۆلەتلىك باغچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، شىمالىي كارولىنا (North Carolina) ۋە تېننېسسى (Tennessee) شتاتىغا جايلاشقان. بۇ باغچىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى 2144 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئامېرىكانىڭ شەرقىدىكى ئەڭ چوڭ قوغدىلىدىغان رايونلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ باغچا تاغ، شارقىراتما، ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە ئورمانلارنىڭ گۈزەللىكى بىلەن خەلقئاراغا تونۇلغان.



ئۇنىڭدىن باشقا بۇ باغچىدا كۆپلىگەن تارىخىي قۇرۇلۇشلار ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئەسلى ئەڭ بۇرۇن ياۋروپادىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ باغچا 1983 ـ يىلى يۇنېسكو (UNESCO) تەرىپىدىن دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى، 1988 ـ يىلى خەلقئارا بىئولوگىيىلىك قوغداش رايونى قىلىپ بېكىتىلگەن.

مەن بۇ باغچىنى 2022 ـ ۋە 2023 ـ يىلى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان ئىدىم، باغچىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، ھۆل يېغىن كۆپ، داۋاملىق تۇمان قاپلاپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئورمانلىقنى ئاساس قىلغان تاغ باغچىسىغا گۈزەللىك ئۈستىگە گۈزەللىك قوشقان. بۇ باغچىدا گۈزەل ئورمانلاردىن باشقا كۆپلىگەن شاقىراتمىلار بار بولۇپ، پىيادە يول يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغانلار نىسبەتەن، ئالاھىدە ياخشى جاي ھېسابلىنىدۇ.

يوسېمىتې دۆلەتلىك باغچىسى **(Yosemite National Park)**



يوسېمتې دۆلەتلىك باغچىسى، ئامېرىكانىڭ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇبتا سېررا دۆلەتلىك ئورمىنى (Sierra National Forest) غەربىي شىمالدا ستانىسلاۋۇس دۆلەتلىك ئورمىنى (Stanislaus National Forest) بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 1984-يىلى دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. يوسېمتې گرانىت قىيالىرى، شارقىراتما، سۈزۈك ئېقىنلار، گىگانت سېكويا (Giant Sequoia) ئورمانلىرى، كۆل، تاغ، يايلاق، مۇز تاغلار ۋە بىئولوگىيىلىك كۆپ خىللىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇ باغچىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3080 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان كۆل ۋە كۆلچەك، 2600 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېقىن، 1300 كىلومېتىر پىيادە مېڭىش يولى ۋە 560 كىلومېتىر يول بار.

مەن بۇ باغچىنى 2024-يىلى زىيارەت قىلغان بولۇپ، كۆپلىگەن شارقىراتما ۋە دەريالار قۇرۇپ، كۆللەردە سۇ ئازلاپ كەتكەن ئىكەن. بۇ باغچا ئامېرىكانىڭ غەربىدىكى ھاۋاسى نىسبەتەن ئۇنچە قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولمىغان بىر باغچا بولۇپ، ئۇ گىگانت دەرەخلەر بىلەن مەشھۇر بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قۇرغاقلىق سەۋەبىدىن كۆپلىگەن ئورمانلار كۆيۈپ كەتكەن ئىكەن. باغچىنىڭ ھەممىلا يېرىگە گەرچە ئېيىقتىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدىكى ئەسكەرتمىلەر چاپلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئېيىق ئۇچراتمىدىم.

ئامېرىكادىكى 63 دۆلەتلىك باغچىلارنىڭ تىزىملىكى ۋە ئۇلار جايلاشقان شتاتلار

1. Acadia National Park, Maine
2. Arches National Park, Utah
3. Badlands National Park, South Dakota
4. Big Bend National Park, Texas
5. Biscayne National Park, Florida
6. Black Canyon of the Gunnison National Park, Colorado
7. Bryce Canyon National Park, Utah
8. Canyonlands National Park, Utah
9. Capitol Reef National Park, Utah
10. Carlsbad Caverns National Park, New Mexico
11. Channel Islands National Park, California
12. Congaree National Park, South Carolina
13. Crater Lake National Park, Oregon
14. Cuyahoga Valley National Park, Ohio
15. Death Valley National Park, California and Nevada
16. Denali National Park, Alaska
17. Dry Tortugas National Park, Florida
18. Everglades National Park, Florida
19. Gates of the Arctic National Park, Alaska

20. Gateway Arch National Park, Missouri
21. Glacier Bay National Park, Alaska
22. Glacier National Park, Montana
23. Grand Canyon National Park, Arizona
24. Grand Teton National Park, Wyoming
25. Great Basin National Park, Nevada
26. Great Sand Dunes National Park, Colorado
27. Great Smoky Mountains National Park, North Carolina and Tennessee
28. Guadalupe Mountains National Park, Texas
29. Haleakala National Park, Hawaii
30. Hawai'i Volcanoes National Park, Hawaii
31. Hot Springs National Park, Arkansas
32. Indiana Dunes National Park, Indiana
33. Isle Royale National Park, Michigan
34. Joshua Tree National Park, California
35. Katmai National Park, Alaska
36. Kenai Fjords National Park, Alaska
37. Kings Canyon National Park, California
38. Kobuk Valley National Park, Alaska
39. Lake Clark National Park, Alaska
40. Lassen Volcanic National Park, California
41. Mammoth Cave National Park, Kentucky
42. Mesa Verde National Park, Colorado
43. Mount Rainier National Park, Washington
44. National Park of American Samoa, American Samoa
45. New River Gorge National Park, West Virginia
46. North Cascades National Park, Washington
47. Olympic National Park, Washington
48. Petrified Forest National Park, Arizona
49. Pinnacles National Park, California
50. Redwood National Park, California
51. Rocky Mountain National Park, Colorado
52. Saguaro National Park, Arizona
53. Sequoia National Park, California
54. Shenandoah National Park, Virginia
55. Theodore Roosevelt National Park, North Dakota
56. Virgin Islands National Park, Virgin Islands
57. Voyageurs National Park, Minnesota
58. White Sands National Park, New Mexico
59. Wind Cave National Park, South Dakota
60. Wrangell-St. Elias National Park, Alaska
61. Yellowstone National Park, Idaho, Montana, and Wyoming

62. Yosemite National Park, California
63. Zion National Park, Utah

# دېموكراتلار ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇيغۇرلارنى خورلاش مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلەتمەكتە









كارون دېمىرجىيان



جۇلىئان بارنېس

## دېموكراتلار ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر ئۇيغۇرلارنى خورلاش مەسىلىسىدە خىتايغا بېسىم ئىشلەتمەكتە

جۇلىئان بارنېس، كارون دېمىرجىيان

دېموكراتلار ۋە جۇمھۇرىيەتچىلەر بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان خىتايغا تېخىمۇ كەسكىن تەدبىر قوللىنىشقا چاقىرغان، ئەمما بۇ ئىككى پارتىيىنىڭ قوللانغان ئۇسۇللىرى پەرقلىق بولغان.

بۇ ھەپتە، نيۇيورك شتاتىنىڭ دېموكراتلار ۋەكىلى رىتچى تورېس (Ritchie Torres)، دۆلەت ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دىرېكتورى ئاۋرىل د. خەينېس (Avril D. Haines) قا خەت يېزىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇملىرى ھەققىدىكى دوكلاتىنىڭ تېخىچە تاپشۇرۇلمىغانلىقىنى كەسكىن ئەيىبلىدى.

ئاۋام پالاتاسى چارشەنبە كۈنى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى تەرىپىدىن سۇنۇلغان لايىھىنى ماقۇللاپ، بايدېن ھۆكۈمىتىنى ئازسانلىق مىللەتلەرگە زۇلۇم قىلىۋاتقان خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈشكە قىستىدى.

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2021-يىلى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلۇمىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەن ۋە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا جازا يۈرگۈزىدىغان «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى»نى ماقۇللىغانىدى. تورېس ئەپەندى خىتاي كومپارتىيىسىنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ: «بۇ رەسمىي قارارلار يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرى ھەققىدە ئىستىخبارات ئورگانلىرى پۈتۈنلەي جىمىپ كەتتى، شۇڭا مەن پۈتۈن فېدېرال ھۆكۈمەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىستىخبارات ئورگانلىرىنىڭ بۇ تۇيۇقسىزلىقىدىن ئىنتايىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن» دېدى.

ئۆتكەن يىلى، پارلامېنت دۆلەت ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ دىرېكتورىدىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ئاشكارا دوكلات تەييارلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان قانۇننى ماقۇللىغان بولۇپ، بۇ دوكلات بۇ يىل ئىيۇندا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى.

چارشەنبە كۈنى ئاۋام پالاتا ختاي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى توررېس ئەپەندى زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمان ئازسانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشلىرىنى ئاشكارە پاش قىلىش ئۈچۈن بۇ قانۇن لايىھەسىنى تەييارلىغانلىقىنى ئېيتتى.

خەينىس خانىمنىڭ باياناتچىسى توررېس ئەپەندىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرۇشنى رەت قىلدى.

پارلامېنت ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن نۇرغۇنلىغان مەخپىي ۋە ئاشكارا دوكلاتلارنى تەلەپ قىلدۇ، بۇ ئورگانلار كۆپىنچە ھالدا بۇ دوكلاتلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرالماي قالىدۇ.

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى ختاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇمىنى جىددىي مەسىلە سۈپىتىدە قارايدىغانلىقىنى ۋە بېيجىڭنى تەنقىد قىلىشتىن قورقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بىراق توررېس ئەپەندىمنىڭ قارىشىچە، دوكلاتنىڭ كېچىكتۈرۈلىشى گېئوپولىتىكىلىق مۇرەككەپلىكلەر تۈپەيلىدىن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەقەت گېئوپولىتىكىلىق مەنپەئەت ئۈچۈن ياكى ختاي كومپارتىيىسىنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن ۋە ياكى ئۇلارنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگمەسلىك ئۈچۈنلا بۇ مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سالساق بولمايدۇ.»

ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش مەسىلىسىدە ئىككى پارتىيىنىڭ بىرلىككە كېلەلىشى پارلامېنت تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال. «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش» ۋە «ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشلەتكەن شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش» نى مەقسەت قىلغان بىر يۈرۈش قارارلار ئاۋام پالاتاسىدىكى ئىككى پارتىيىنىڭ كۆپ سانلىق ئاۋازى بىلەن ماقۇللاندى.

ئەمما ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقى ئىككى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتتى، پارلامېنت ئەزالىرى، ئاۋام پالاتاسى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى ئارا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىۋاتقان ختايلارغا قانداق جازا يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى تەشەببۇس، بەس-مۇنازىرىلەر قايناپ كەتتى.

گەرچە پارلامېنتتىكى ھەر ئىككىلى پارتىيە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلسىمۇ، بىراق ختايغا قايسى جەھەتتىن قاتتىق قوللۇق قىلىش مەسىلىسىدە ئۇزاقتىن بېرى ئىختىلاپ تۇگمەي كەلدى.

جۇمھۇرىيەتچىلەر يېتەكچىلىرى بايدېن ھۆكۈمىتىنى بېيجىڭغا نىسبەتەن ئاجىز سىياسەت يۈرگۈزۈش بىلەن ئەيىبلىسە، دېموكراتلار جۇمھۇرىيەتچىلەرنى دىپلوماتىيىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدىغان رادىكال ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن ئەيىبلىمەكتە.

سايلام مەۋسۇمىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي كەسكىنلىك كۈچەيمەكتە. بۇ ئايدا، ئاۋام پالاتاسى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى، ئاۋام پالاتاسىنى كونترول قىلىدىغان سايلامدىن ئىلگىرى دۆلەت بىخەتەرلىك مەسىلىسىدە كۈچ كۆرسىتىشىنىڭ بىر ۋاستىسى سۈپىتىدە دېموكراتلارنىڭ قارشى چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ خىتايغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار قانۇن لايىھىلىرىگە بېلەت تاشلىدى.
چارشەنبە كۈنى ماقۇللانغان «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى چەكلەش قانۇنى» دا، خوڭكوڭنىڭ ئاپتونومىيىسىنى چەكلەش، تەيۋەنگە تەھدىت سېلىش ياكى خىتايدىكى ئېتنىك گۇرۇپپىلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان ھەرقانداق خىتاي كومپارتىيە ئەزالىرىغا جازا يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. بۇ جازالار خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ مال-مۈلكىنى توڭلىتىش، ئۇلارنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى چەكلەش قاتارلىقلار. پەقەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى يىغىنلارغا قاتنىشىش، ئىستىخبارات توپلاش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ياكى پرېزىدېنتنىڭ چەكلىك رۇخستىگە ئېرىشكەن ئەھۋاللار بۇنىڭ سىرتىدا.

ئاۋام پالاتاسى چارشەنبە كۈنى 243 گە قارشى 174 ئاۋاز بىلەن بۇ قانۇن لايىھىسىنى ماقۇللىدى، بۇنىڭغا دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ 33 ئەزاسىمۇ ئاۋاز بەردى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ ئىككى نەپەر ئەزاسىدىن باشقا ھەممىسى بۇ قانۇنغا ئاۋاز بەردى.

گەرچە بۇ قانۇن لايىھىسى خېلى كۆپ دېموكراتچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاۋام پالاتا ئەزالىرى بۇ قانۇندىكى جازا تەدبىرلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كەڭ دائىرىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە جازا ئوبېكتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق رەھبەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چارشەنبە كۈنى، تاشقى ئىشلار كومىتېتىدىكى باش دېموكراتچى، نيۇ-يورك ئاۋام پالاتا ئەزاسى گرېگورى ۋ. مېكس (Gregory W. Meeks) «بۇ قانۇن لايىھەسى بېيجىڭ بىلەن بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك دىپلوماتىيىنى بۇزۇۋېتىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە بۇ قانۇن «ئۇيغۇرلار، خوڭكوڭلۇقلار ۋە تەيۋەن خەلقىگە قىلچە پايدىسىز بولۇپلا قالماي يەنە ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك خىتاي بىلەن بولىدىغان ئۇچرىشىشنى ئىنتايىن قىيىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ» دېدى.

تورۇپس ئەپەندى ئۆزىنىڭمۇ جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى بىلەت تاشلىغانلىقىنى، بۇ قانۇننىڭ خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئالاقىنى ئۈزۈپ قويۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى، ئەكس تەسىر پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ: «دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك ھەقىقەتلەرنىڭ بىرى شۇكى: ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ كەمچىللىكى» دېدى. ئۇ يەنە «چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى پەقەت بىر قېتىملىق تاسادىپىي ھادىسە ياكى خاتا ھېسابلاش تۈپەيلىدىن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇرۇش پارتلاپ كېتىشى مۇمكىن» دېدى.

ئاقسارايمۇ مۇشۇ ھەپتىنىڭ بېشىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەيىبلەشنامە ئېلان قىلىپ، «بۇ قانۇن بەلكىم ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئالاقە يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىشى مۇمكىن» دېگەن.

جۇمھۇرىيەتچىلەر بۇ خىلدىكى تەنقىدلەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى بىۋاستە چەكلىمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

قانۇن لايىھىسىنىڭ تەشەببۇسكارى، مىچىگان شىتاتىنىڭ جۇمھۇرىيەتچىلەر ۋەكىلى لىسا ماككلېين (Lisa McClain) پارلامېنتتا: «قانۇن لايىھىسىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشمايمىز ياكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتمايمىز دېگەن ماددا يوق» دېدى.

ماككلېين يەنە بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش تىرىشچانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ: «مەن ئۇلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدىم، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى ۋە قىلمايۋاتىدۇ» دېدى.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.nytimes.com/2024/09/25/us/politics/congress_uyghurs_china.html



# ھەممىمىز مەزلۇم

كۆرشات ئوغلى

## بىز ھەممىمىز مەزلۇم

كۈرشات ئوغلى

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مىللىتىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ مەلۇم قەدەم باسقۇچلىرىنى تاماملاپ، پىلان بويىچە ئىشقىنى قايتا ئاچقان بولسۇن ۋە ياكى دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئېرىشكەن خەلقئارانىڭ بېسىمىدىن بولسۇن، يېقىندىن بۇيان دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىگە بېرىپ تۇغقان يوقلىشىغا يول قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا. بۇ سەۋەپتىن بولۇپمۇ 2024 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ ۋەتەنگە بېرىپ كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە دىئاسپورادا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى،ئىرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قولدىن كەلگىنىچە تىرىشىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، مۇشۇنداق كەسكىن بىر ۋەزىيەتتە خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئانا ۋەتىنىگە بېرىپ كېلىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ھەققىدە غۇلغۇلا ۋە تالاش ـ تارتىش ئۇلغايماقتا. بەزىلەر ھازىرقى ۋەزىيەتتە ۋەتەنگە بېرىش، خىتاينىڭ «ئىرقى قىرغىنچىلىق قىلمىدۇق، ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىگە ئەركىن بېرىپ كېلەلەيدۇ» دېگەن سەپسەتىسىگە دەستەك بەرگەنلىك بولىدۇ دېيىشسە، يەنە بەزىلەر «ۋەتەنگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسىنى، قېرىنداشلىرىنى يوقلاش، ئۇلار بىلەن كورۈشۈش بىر ئىنساننىڭ ئەقەللى ھوقۇقى» دەپ بۇ ئىشلارنى يوللۇق كۆرگۈچىلەرمۇ بولماقتا.

ئۇنداقتا بۇ مەسىلىگە قارىتا دىئاسپورادا بىز قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك؟
يۇقۇردىكى ئىككى خىل پىكىردە بولۇۋاتقانلارنىڭ پىكرىنى ئەتراپلىق ئويلانساق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەيدانى ياكى مەنپەئەتى بويىچە بولغاندا ئورۇنلۇق تەرەپلىرى بار. ئالدى بىلەن بۇ ھەقتە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ پىكرىنى يەكۈنلىسەك مۇنداق ئۈچ جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، يۇقىرىدا دېگەندەك، خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ۋەتەنگە مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بېرىش، خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ۋەتەنگە بارغانلارنى ئەلبەتتە خىتاي ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەشكە مەجبۇرلاش، تۇزاققا دەسسىتىش مۇمكىنچىلىكى يۇقىرى.

ئۈچىنچىدىن، ۋەتەنگە بېرىپ كېلىدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ۋەتەن سىرتىدىكى دەۋا سېپىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش خەۋپى بار.

ئەمدى ۋەتەنگە قايتىۋاتقانلارنىڭ قىلمىشىنى يوللۇق كۆرگۈچىلەرنىڭ پىكرى بولسا ئاساسەن، خىتاينىڭ دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنىگە قايتىپ تۇغقان يوقلىشىغا يول قويۇشى، قانداقتۇر ئالاھىدە ئېتىبار بولماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇغقان يوقلاش ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكتۇر. ئۆز ۋەتىنىگە بېرىپ كېلىش ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي ھوقۇقتۇر. خىتايغۇ خالىغاندا تارتىۋېلىپ خالىغاندا قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئەگەر بىزمۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرساق شۇ زوراۋان خىتايدىن نىمە پەرقىمىز قالدۇ؟ دېيىشتىن ئىبارەت بولماقتا.

بۇ ئىككى خىل پىكىردە بولغۇچىلار ئۆزلىرىنى چىقىش قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقى، ۋەتەنگە بېرىپ تۇغقان يوقلاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەيداندا تۇرۇپ بۇ ئىشقا باھا بەرمەيۋاتقانلىقى ئېنىق. يەنە ئەشۇ تۇغقان يوقلاش ھەرىكىتىگە ئىشتىراك قىلغۇچى ئۇيغۇرلار ئۆز قىلمىشىدىن كېلىپ چىققىدىغان ئاقىۋەت، ۋە مەجبۇرىيەت مەسىلىسىدۇر. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مەيداندا تۇرۇپ بۇ ئىش ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلاشساق، تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نوقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلار تۇغقان يوقلاپ ۋەتەنگە بارسۇن، ۋە ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن خىتاي ئۈچۈن ئىشلىسۇن، ئۇ يەنىلا زۇلۇمغا ئۇچراپ، ھاياتى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ گۆرۈگە ئېلىنىشى خەۋپى بىلەن شۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانغۇچى بولىدۇ. ئۇلار خىتاينىڭ ۋەھىمىسىگە ئۇچراۋاتقاندا، بىزمۇ ئۇلارغا قوشۇپ خائىنلىقنىڭ ۋەھىمىسىنى بەرسەك توغرا بولمايدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ۋەتەنگە بېرىش كېلىش قىلمىساق، ئالاقە پۇتۇنلەي ئۈزىلىدۇ، بىز پۇتۇنلەي ئىككىگە پارچىلىنىمىز، خىتايغا پايدا، ئۇيغۇرلارغا زىيان بولىدۇ؛ بېرىپ كېلىش داۋاملاشسا خائىنلىق ئويىنى يەنە قىزىيدۇ، تېخىمۇ پارچىلىنىمىز، ئۇ ئىشلار خىتايغا يەنىمۇ پايدا بولىدۇ. بىز بۇ يەردە ئاۋام خەلق توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۋاتىمىز، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار شۇ ئاۋام خەلقنىڭ بىر پارچىسى. ئاۋام خەلقنى قان-قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاش تارىختا يېزىلىدىغان جىنايەت، بىزمۇ بۇ نۇقتىدا شۇ تارىخنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ كىرزىسنى ئۇيغۇر دەۋاسىغا پايدىلىق يۆلىنىشكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئاۋام خەلقنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، ۋەتەنگە بېرىۋاتقانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۆز قوينىمىزغا ئېلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى تونۇۋېلىش پۇرستى بېرىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەن ۋە ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇققانلار توغرۇلۇق ئۇچۇر، خەۋەرلەرگە تەشنا، شۇنداقلا ۋەتەندىكىلەرگىمۇ بىزنىڭ ئۇچۇرلىرىمىز كېرەك. بۇ بىر ئايرىلماس باغ بولۇپ، بىر شەكىللەردە ئۇلىنىپ تۇرۇشى، ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى كېرەك. ۋەتەن توغرۇلۇق ئۇچۇر قانچە كۆپ بولسا بىز ئۆز ئىشلىرىمىزنى توغرا يولىنىشتە ئېلىپ بارالايمىز شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى

مەۋجۇتلىقىمىز، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بىلەن ۋەتەندىكىلەرگە ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد بېغىشلىيالىشىمىز مۈمكىن.
ئۈچىنچىدىن، خىتاينىڭ شۇنچە ئىقتىساد ۋە دىپلوماتىيە بايلىقلىرىنى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى پارچىلاشقا ۋە يوق قىلىشقا سەرپ قىلىشىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇتۇقىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى قولىقىنى يوپۇرۇپ دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ ئىشنى قىلىۋەرگەن بولسا، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشتا ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك، ۋە بۇرۇنىراق ئۆزلىرى كۆزلىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولاتتى. چۈنكى، ھازىرقى مەۋجۇت خەلقئارالىق قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئۇلار قۇرۇق داۋراڭدىن باشقا ھېچ نېمە قىلالمىغان بولاتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە تەدبىر سۈيقەستلەر بىلەن دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زۇۋانىنى چىقارماسلىققا ئۇرۇنۇشى، ئەكسىچە بىزگە ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ.

ۋەتەنگە قايتىشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تۇغقان يوقلاپ قايتىپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئۈچۈن جاسۇسلىق قىلىپ، دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچۇرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە سېتىشىدىن ئەنسىرەش خاھىشىنى ئىپادىلىشى ئەڭ گەۋدىلىك بولماقتا. بۇ ھەقتە ھەتتا تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن بېرىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن شۇنداق بىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ قايتىپ كەلگەن كانادادا ياشايدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ سوتسىئال مېدىيالاردا بەرگەن گۇۋاھلىقى بۇنداق ئېھتىماللىقنىڭ رېئاللىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

خىتايغا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنىڭ زادى نېمە قىممىتى بار؟ ئۇنىڭ بىردىن-بىر كېرىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ جەددى-جەمەتىگە ۋەھىمە پەيدا قىلىش. ئالدىغا شۇنداق رەسىم ۋە سىنلارنى تاشلاپ «سېنىڭ پۈتۈن ئىش ھەرىكىتىڭ بىزنىڭ نازارىتىمىزدە. بىز ھەممىنى بىلىپ تۇرىمىز ھەددىڭنى بىل» دېگەننى ھېس قىلدۇرۇش. بىزدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق خىتايغا يارىغۇدەك نىمە ئۇچۇر بولسۇن. رادىكال ئىسلام مۇسۇلمانلارنى دوزاق ۋەھىمىسى ۋە ئۆزىنىڭ زوراۋان ھەرىكەتلەرنى قىلىش ۋەھىمىسى بىلەن قورقۇنچقا سېلىپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋاتىدۇ. خىتاينىڭ دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان تاكتىكىسىمۇ شۇنداق ۋەھىمە پەيدا قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ۋەھىمە ئىنسانلار ئۆڭكۈر ئادىمى بولۇپ ياشاشتىكى بىردىن بىر ئامىل. ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن- بىر توغرا ئۇسۇلى بىلىشتۇر. بىز ئالدى بىلەن خىتاينى ياخشى بىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر شۇنداق قىلالىساق ئۈنۈملۈك چارە-ئامالىلارنى ئويلىشىپ، توغرا يولنى تاللاپ ماڭالايمىز. ۋەتەنگە بېرىپ كېلىۋاتقانلارنى توسۇش، ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشمەسلىككە دەۋەت قىلىش، ئۇ يەنە بىر خىل جازا ھېسابلىنىدۇ. جازالاش ئۇسۇلى

بىلەن تەربىيىلەش ھەرقانداق چاغدا مائارىپتا قوللىنىلغان توغرا ئۇسۇل بولۇپ باققان ئەمەس. « ئاللاھقا ئامانەت، ساق بېرىپ ساق قايتىپ كېلىڭلار » دەپ يولغا سېلىپ قويۇش نۆۋەتتىكى ئەڭ توغرا ئۇسۇل. بۇ خۇددى ھاملە چۈشۈرۈش ياكى چۈشۈرمەسلىك ئاياللارنىڭ ئۆز تاللىشى بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشقا ئوخشاش. چۈنكى نىكاھسىز تېپىلغان بالا، تۇغما كېسلى بارلىقى بىلىنگەن ياكى باسقۇنچىلىقتىن ھامىلدار بولغان بولسۇن، تۇغۇش جەريانىدىكى ئازابتىن باشقا، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئازاپىنمۇ شۇ ئانا بولغۇچى ئۆزى تارتىدۇ. ئەگەر بالىنى چۈشۈرۈۋەتسە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ۋە ئىجتىمائىي بېسىملاردىن كەلگەن ئازابنى تارتقۇچى شۇ ئانا بولۇشنى خالىمىغان ئايال بولىدۇ. بىز ۋەتەنگە بېرىشنى ئويلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى شۇنداق ئايالغا ئوخشىتايلى. باراي دېسە خىتاينىڭ ۋەھىمىسى، خائىن ئاتىلىش ۋەھىمىسى، بارماي دېسە بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئۆزىنىڭ يولغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتا-ئانا ۋە قان-قېرىنداشلىرى. شۇ بېسىم ۋە ۋەھىملەرنى روھىدا كۆتۈرۈپ يۈرگۈچى شۇ يولنى تاللىغان ئىنسان بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئازابلىرىنى ئېغىرلىتىدىغان ھەققىمىز يوق. خىتاي ئۇچۇن ئىشلەشكە ۋەدە بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار يەنىلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى. بىز ئاشۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئۆزىمىز تەرەپكە تارتىپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرىشىمىز كېرەكمۇ، ياكى يېتىم قالدۇرشىمىز ۋە ياكى خىتاي تەرەپكە ئىتتىرىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىزدە خىتايغا ساتقۇدەك نېمە مەخپى ئۇچۇر بولسۇن؟ بىزگە ۋەھىمە سېلىشتىن باشقىغا ئىشلەتمەيدىغان ۋە شۇنىڭدىن باشقىغا يارىمايدىغان ئۇچۇردىن باشقا ئۇچۇر يوق. دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار پەقەت توقۇممىزنى قارىمىزغا ئېلىپ، «بىلسە نىمە قىلالايتتى» دەپ ۋەھىمە ئىچىدە ياشىماسلىقنى تاللىغان چېغىمىزدا خىتاينىڭ ئوچۇق ئاشكارە ئۆلتۈرۈشتىن باشقا تاكتىكىسى قالمايدۇ. بىزگىچۇ؟ بىزگە كېرىكى دەل سانىمىزنى ئاۋۇتۇش. بىزگە ۋەھىمە پەيدا قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ئۇچۇرلاردىن بەكرەك قىممەتلىك نەرسە قانداق قىلىپ دىئاسپورادىكى ھەر بىر ئۇيغۇرنى ئېيىققا، بۆرىگە بەرمەسلىك بولىشى كېرەك. نامايىشقا چىقىۋاتقانلار يەنىلا شۇ نامايىشتا، خىتاي بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ. ئەمما نېمە قىلالىدى؟ خىتاينىڭ بىزدىن تالىشىۋاتقىنى، ۋە ئالقىنىدا ئوينىتىمەن دەۋاتقىنى شۇ ۋەھىمە تۇزىقىغا چۈشىۋاتقان ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان ئۇيغۇرلار. ئۇلارنى شۇ ۋەھىمىدىن قۇتۇلدۇرۇش بىزنىڭ ھەركەت نىشانىمىز بولىشى كېرەك.

قايسىمىز جانجان مەنپەتىمىزگە تاقىشىدىغان ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك نومۇرىمىز، بانكا ھېسابىمىز دېگەندەك ئۇچۇرلارنى ئۆز-ئارا ئورتاقلىشىمىز؟ دىئاسپورادا قانداق ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىش، قانداق ئۇچۇرلارنى ئورتاقلاشماسلىق توغرىسىدا ئاددى ساۋاتلار تارقىتىلسا، شۇلار ئۆزلەشتۈرۈلسە، بۇمۇ ئىشلارنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ بىر يولى ئەمەسمۇ؟

ھەققانىيەت، مىللەتچىلىكتىن ھالقىغان بىز قوغلىشىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئالى نىشاندۇر. ۋەتەنگە بېرىپ كېلەلىگەن قانچىلىك ساقلانغان ئۇيغۇرلار بولسا، ... قاتارلىق مىللىي ھەق-ھوقۇقلىرى ئۈچۈن داۋاملىق چۈقان سېلىش، ئۇنى دەلىل ئىسپاتلار بىلەن پۈتۈن دۇنياغا داۋاملىق ئاشكارىلاش بىز قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەت. بۇ، دەل ۋەتەن سىرتىدىكى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئەڭ ئۇنۇملۈك خىزمەت. دىئاسپورادىكى ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ خىزمىتىمىز ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن تەشكىللىنىش، ئۇيۇشۇش، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇرلۇق ھىس-تۇيغۇسىغا باي، بىلىملىك، ياراملىق ئۇيغۇر پەرزەنتى قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، سانىمىز ئاشۇرۇش ۋە ئۆزىمىزنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ياشاۋاتقانلارمۇ، ۋەتەنگە بېرىپ كېلۋاتقانلارمۇ، بىزنىڭ بىر پارچىمىز بولىشى كېرەك. ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانلىق ھەق-ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارمۇ بىر بىرىمىزنىڭ ئىنسانىي ھەق-ھوقۇقلىرىمىزنى تاجاۋۇز قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولماسلىقىمىز كېرەك.

ئاجىز قالغاندا ئاۋاز چىقىرىش، ئاجىز ئۈچۈن چۇقان سېلىش ئاجىزنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۈك قورالى بولىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار جەزمەن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ۋە كۈچىمىزنى ساقلاپ قېلىش، ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىز قىلالايدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش. بىزلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەنمىز خىتاي ئارام-خۇدا ئۇخلىيالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە خىتاينىڭ زۇلمىدا ئېزىلىۋاتقان، يوق قىلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن چۇقان سالغاچ ئۇلار ئۈچۈن ھۆررا تووۋلايدىغان بىر كۈننىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. مەيلى ۋەتەن ئىچىدە ئىرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر بولايلى، مەيلى دىئاسپورادا بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىۋېلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بولايلى، بىز ھەممىمىز زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى.



# كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ھورۇنلۇقنى يېڭىشتىكى سەككىز خىل ياپونچە ئۇسۇلى

كېۋىن

## كارخانا رەھبەرلىرىنىڭ ھورۇنلۇقنى يېڭىشتىكى سەككىز خىل ياپونچە ئۇسۇلى

كېۋىن

ھەممەيلەن بۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن بولۇشىمىز مۇمكىن، نىمە قىلارىمىزنى بىلەلمەي قۇرۇق ئېكرانغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان، يېڭى تۈرلەرنى باشلاشقا ئىلھام تاپالمايدىغان، ھەمدە قولىدىكى ۋەزىپىلەرنى ۋاقتىدا تۈگىتىشكە ھورۇنلۇق قىلىدىغان دېگەندەك. ھورۇنلۇق ئىش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىپ، نىشانغا يېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەمما، ياپونلۇقلارنىڭ ھورۇنلۇقنى تۈگىتىپ، ئىزىمىزغا چۈشۈپلىشىمىزغا ياردەم بېرىدىغان ئاقىلانە چارە - تەدبىرلىرى بار.

بۇ ماقالىدا ياپون مەدەنىيىتىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن 8 تۈرلۈك ئۇسۇل ئۈستىدە توختىلىمەن، بۇلار:

1. ئىككىگائى (Ikigai): ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى تېپىش
2. كائىزېن (Kaizen) : كىچىك ئۆزگىرىشلەردىن باشلاش
3. پومودورو (Pomodoro) تېخنىكىسى: ۋاقتىنى كونترول قىلىش
4. ھارا خاچى بۇ (Hara Hachi Bu): مۆتىدىللىكنى ساقلاش
5. شوشىن (Shoshin): يېڭى ئۆگەنگۈچى روھى ھالىتىنى يېتىلدۈرۈش
6. ۋابى-سابى (Sabi_Wabi): كەمتۈكلۈكلەردىن گۈزەللىك تېپىش
7. شىنرىن-يوكۇ (Shinrin_Yoku): تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش
8. كاكېيبو (Kakeibo): ئىقتىساد باشقۇرۇش

### 1. ئىككىگائى (Ikigai): ھاياتلىقنىڭ مەنىسىنى تېپىش

ھورۇنلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى ئىككىگائىنى، يەنى ھاياتلىقنىڭ مەناسىنى ياكى مەۋجۇتلۇقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بايقاشتۇر. مەقسىدىڭىز ئېنىق بولسىلا ئىشلىرىڭىزنى ۋاقتىدا تاماملاشقا ئىلھام بولىدۇ. ئارتۇقچىلىقلىرىڭىز، قىزىقىشلىرىڭىز ۋە ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيانىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈستىدە ئويلىنىڭ.

سىزنى روھلاندۇرىدىغان ۋە قانائەتلەندۈرىدىغان نەرسە نېمە؟

ھاياتنىڭ مەنىسىنى تاپقان كىشىنىڭ ئۆلگىلىك مىساللىرىدىن بىرى تېيىچى ئىگاراشى (Teiichi Igarashi) بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى ياپون قەغىزى ياساش ھۈنىرىگە بولغان قىزىقىشىنى قوغلىشىپ، مەلۇم بىر شىركەتتىكى يۇقىرى مۇئاشلىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، تاغلىق بىر يېزىغا كۆچۈپ بېرىپ، ھاياتىنى بۇ قەدىمىي ھۈنەر- سەنئەتنى ساقلاپ قېلىشقا بېغىشلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتى بىلەن مەقسىتىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يېڭى ئېنېرگىيەگە ئېرىشكەن ۋە بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلغان.

2. كائىزېن (Kaizen) : كىچىك ئۆزگىرىشلەردىن باشلاش

ياپونلارنىڭ كائىزېن ئۇقۇمى، ۋە ياكى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەش پەلسەپىسى بىزگە چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ كىچىك، ئىزچىل قەدەملەردىن كېلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. ھاياتىڭىزنى بىر كېچىدىلا پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشنىڭ ئورنىغا، ھەر كۈنلۈكى كىچىككىنە ئۆزگىرىش بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ. بۇ بەلكى 15 مىنۇت بالدۇر ئويغىنىپ چوڭقۇر ئويلىنىش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن بىر نەچچە بەت كىتاب ئوقۇش، ياكى چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا سەيلە قىلىش بولۇشى مۇمكىن. بۇ كىچىك ئۆزگىرىشلەر دەسلەپىدە بەك كۆزگە چېلىقىپ كەتمىسىمۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ تەسىرى توپلىنىپ بارىدۇ.
ياپونىيە ماشىنا ماگناتى تويوتا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا كائىزېن نى قوللىنىشى بىلەن داڭلىق. شىركەت خىزمەتچىلەرنى كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆزگەرتىشلەر توغرىسىدا تەكلىپ- پىكىر بېرىشكە ئىزچىل رىغبەتلەندۈرۈپ كەلگەچكە، تويوتا شىركىتى ئۈنۈم ۋە سۈپەت جەھەتتە باشلامچىغا ئايلانغان.

3. پومودورو (Pomodoro) تېخنىكىسى: ۋاقىتنى كونترول قىلىش

پومودورو تېخنىكىسى ئاددىي، ئەمما ئۈنۈملۈك ۋاقىت باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاسان چارچاشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنى بۇ ئۇسۇل 25 مىنۇت خىزمەت قىلىپ، 5 مىنۇت دەم ئېلىش، مۇشۇ ئاساستا تۆت قېتىملىق پومودورونى تاماملىغاندىن كېيىن، 15 ـ 30 مىنۇتقىچە ئۇزاقراق دەم ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈم بېرىشىدىكى سەۋەب، چوڭ ۋەزىپىلەرنى باشقۇرغىلى بولىدىغان كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئىشلەش ئارقىلىق، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگىلى، ھەمدە بىر پروجېكتنى باشلىغان چاغدىكى دەسلەپكى قارشىلىقنى يەڭگىلى بولىدىغانلىقىدا. بىر پومودورونى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزدە شۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا نىسبەتەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا بولغاندەك ھىس قىلىسىز.

پومودورو ئۇسۇلىنىڭ ئىجادچىسى فرانچېسكو چىرىللو (Francesco Cirillo)، ئۇنىۋېرسىتېتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق سۆرەلمىلىك ئادىتىنى يەڭگەن. ئۇ ئۆگىنىش ۋاقتىنى قىسقا ـ قىسقا بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئارىلىقلاردا دەم ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرگەندە ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئاسانلا چارچاش ھىس قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

4. ھارا خاچى بۇ (Hara Hachi Bu): مۆتىدىللىكنى ساقلاش

ئوكىناۋالىقلار (Okinawan) نىڭ بۇ ئۇقۇمى «قورساقنى 80 پىرسەنت تويغۇزۇش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى ھەممە ئىشتا مۆتىدىللىكنى ساقلاش، ھېچقانداق ئىشنى ھەددىدىن زىيادە ئاشۇرىۋەتمەسلىك بولۇپ، بۇنداق قىلمىغاندا ھورۇنلۇق ۋە سۆرەلمىلىك كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

خىزمەت ئورنىدا، بۇنىڭ مەنىسى بەك كۆپ پروجېكتلەرنى بىراقلا ئۈستىگە ئېلىۋېلىش ياكى دەم ئالماي ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەشتىن ساقلىنىش دېگەنلىكتۇر. ھارا ھاچى بۇ ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئىش سۈرئىتىنى مۇقىم ساقلىغىلى، ئاسانلا ھالسىراپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كۆپلىگەن كارخانا رەھبەرلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار كۆپ تۈرلەر ۋە گۇرۇپپىلارنى باشقۇرۇۋاتقاندا، ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلەشكە، كۆتۈرەلمىگۈدەك مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، نەتىجىدە شەخسىي تۇرمۇشىغا سەل قارايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ خىل ئەھۋاللار تونۇشلۇقتەك تۇرامدۇ؟ ھارا ھاچى بۇئۇسۇلىنى خىزمىتىڭىزگە قانداق تەتبىقلايسىز؟

ئالدى بىلەن نۆۋەتتىكى خىزمەت يۈكىڭىزنى باھالاپ، ئۆزىڭىزنى بەك چارچىتىۋاتقان تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىڭ. ھەر بىرپروجېكتتا ھەئە، ماقۇل دېيىشنىڭ ئورنىغا، مۆتىدىللىكنى ساقلاشنى مەشىق قىلىڭ. سىز ھەر بىر پۇرسەتنى شىركىتىڭىز ياكى گۇرۇپپا نىشانىڭىز بىلەن قانداق ماسلاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇ شىركەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالامدۇ شۇنداقلا ئۆزىڭىزنىڭ ئاشۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا كۈچى يېتەمدۇ؟ دېگەن ئاساستا باھالىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بىرەر پروجېكت بۇ ئۆلچەملەرگە توشمىسا، باشقىلارغا تاپشۇرۇشنى ياكى رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

ئىككىنچىدىن، ۋەزىپىلەرنى مۇھىملىق دەرىجىسى بويىچە تىزىپ، دىققىتىڭىزنى ئەڭ مۇھىمىغا مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن مۆھلەت بەلگىلەڭ، گۇرۇپپا ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن ئېنىق پاراڭلىشىڭ. بۇنداق قىلسىڭىز ئەمەلىيىتىڭىزگە ماس كەلمىگەن مۆھلەتكە ئۇلگۈرۈش ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن ئىشلەشتىن ساقلىنالايسىز.

قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچىلەرنى ياكى گۇرۇپپا ئەزالىرىڭىزنىمۇ ھارا ھاچى بۇئۇسۇلنى قوللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. بۇنى ئۆزىڭىز باشلامچى بولۇپ ئۈلگە يارىتىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز. خىزمەت ۋە تۇرمۇشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئۆز-ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قەرەللىك دەم ئېلىشىغا، تەتىل ۋاقتىنى ئىشلىتىشكە ۋە ھاجەتسىز يەرلەردە ئىشتىن بەك كەچ چۈشمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىڭ.

مۆتىدىللىك ۋە ھەممە ئىشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا ئۆزىڭىز ۋە گۇرۇپپىڭىزدىكىلەرنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلەيسىز.

5. شوشىن (Shoshin): يېڭى ئۆگەنگۈچى روھى ھالىتىنى يېتىلدۈرۈش

شوشىن (Shoshin) ياكى يېڭى ئۆگەنگۈچى زېھنىيىتى بىر زەن (Zen) ئۇقۇمى بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ۋەزىپىلەرگە ئوچۇق پىكىرلىك، قىزىقىش پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، شۇنداقلا بىر تەرەپلىمىلىك كۆز- قاراش ۋە قۇرۇق ئۈمىدلەردىن خالىي بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ ئۇقۇم، ھەممە ئىشتا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ياكى بارلىق جاۋابلارغا ئېرىشىش ئىستىكىدىن ۋاز كەچكەندە، ئۆگىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشقا تېخىمۇ قابىل بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇخىل روھى ھالەتنى ئۆزىمىزدە يېتىلدۈرسەك، يېڭى ياكى قىيىنراق پروجېكتلەرنى باشلىغاندا، ۋەزىپىنىڭ كۆلىمىدىن بېسىم ھېس قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا قىزىقىش، يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ھەمىشە تەييار تۇرۇش پوزىتسىيىسى بىلەن يۈزلىنەلەيمىز، شۇ چاغدىلا ئىلگىرىلەشنىڭ قانچىلىك ئاسان بولىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ستىۋ جوبس (Jobs Steve) ئۆزگىچە پىكىر قىلىش ۋە مەسىلىلەرگە يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر روھى ھالىتىدە يۈزلىنىش ئىقتىدارى بىلەن تونۇلغان. ئۇ بىر قېتىم: «يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن مۇمكىنچىلىكلەر بار، ئەمما مۇتەخەسسىسنىڭ كاللىسىدا پەقەت بىرنەچچە ئىمكانىيەت بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. ئۇ ھەمىشە قىزىقىش ۋە ئوچۇق

پىكىرلىك تۈيغۇسىنى ساقلاش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا ساھەسىدە يېڭىلىق ياراتقان ۋە ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ياساپ چىقالىغان.

6 ۋابى-سابى (Wabi_Sabi): كەمتۈكلۈكلەردىن ئىچىدىن گۈزەللىك تېپىش

ۋابى- سابىنى ۋاسابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ! ياپونلۇقلارنىڭ ۋابى-سابى گۈزەللىك چۈشەنچىسى: كەمتۈك، ئاددىي ۋە ئۆتكۈنچى نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەشكە قارىتىلغان. كىشىلەردە شۇنداق روھى كەيپىيات يېتىلگەندە ھەممە ئىشتا مۇكەممەللىكنى قوغلىششتىن كۆرە، دىققەت-ئېتىبارنى ھەقىقىي مۇھىم ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ھورۇنلۇقنى يېڭىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ۋابى-سابى بىزگە ھەددىدىن زىيادە مۇكەممەللىكنى قوغلىششنىڭ ئورنىغا ئازراق بولسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەمدە ئۇششاق تەپسىلاتلارغا چۆكۈپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، دىققەت - ئېتىبارىمىزنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشقا مەركەشلەشتۈرۈشنىڭ موھىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىر ئىشنى بولسىمۇ تاماملاش، مۇكەممەللىكنى قوغلۇشۇپ، سۆرەلمىلىك قىلغاندىن ياخشىدۇر.

سودا - تىجارەتتە ۋابى-سابى چۈشەنچىسى كۆپىنچە يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ياكى مۇلازىمەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارىتىلىدۇ. لىنكېد ئىن (LinkedIn ) نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى رىيد خوفمان (Reid Hoffman ) مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەھسۇلاتىڭىزنىڭ تۇنجى نۇسخىسىدىن نومۇس قىلمىغان بولسىڭىز، سىز بەك كېچىكىپ باشلاپسىز». بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، نۇقسانسىز مەھسۇلاتنى ساقلاشتىن كۆرە، كەمتۈك بولسىمۇ تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىدىغان مەھسۇلاتنىڭ بازارلىققا كېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئەڭ تۆۋەن ھاياتى كۈچكە ئىگە مەھسۇلات (MVP) ئۇقۇمى ۋابى-سابى پەلسەپىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. MVP تۇنجى خېرىدارلارنى رازى قىلىش ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن پىكىر ئېلىشقا يېتەرلىك ئىقتىدارلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان مەھسۇلات نۇسخىسىدۇر. MVP نى ئىشلەپ چىقىرىش ئارقىلىق، كارخانىلار ئۆز پەرەزلىرىنى سىناق قىلىپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پىكرىنى توپلاپ ۋە ئەمەلىي سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تېخىمۇ ياخشى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ.

خىزمەت ئورنىدا ۋابى-سابىنى قوللىنىش ئارقىلىق تەجرىبە-ساۋاقلارنى توپلىغىلى، مەغلۇبىيەتتىن ساۋاق ئېلىپ، داۋاملىق تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. كارخانا رەھبەرلىرى بۇ خىل كۆز قاراشنى

ئۆزىگە سىڭدۈرۈش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتالايدۇ ۋە چەبدەسلىك مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

7. شىنرىن-يوكۇ (Shinrin_Yoku): تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش

شىنرىن- يوكۇ (Shinrin_Yoku): دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، داۋاملىق ئورمانلىقلاردا سەيلە قىلىپ تۇرغاندا، روھى بېسىمنى يېنىكلەتكىلى، كەيپىياتنى ياخشىلىغىلى ۋە ئومۇمي ساغلاملىقنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. تەتقىقاتلار تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقاندا ياكى كۆپرەك ئورمانلىقلاردا سەيلە قىلىپ بەرگەندە ئىنسانلارنىڭ روھي ۋە جىسماني ساغلاملىقىغا زور پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان.

مۇبادا هورۇنلۇقىمىز تۇتۇپ، ئىلهامىمىز قاچقاندا، تەبىئەت قويىنىغا قايتىپ كەلسەك، دەم ئالساق ئۆزىمىزنى قايتا زەرەتلەپ، ئېنېرگىيىمىزنى تولۇقلىغىلى، دىققىتىمىزنى يىغىپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. دەم ئالغان كۈنلىرىڭىز ئىمكان بار تاغقا چىقىش ياكى ئۆيىڭىز ئەتراپىدىكى باغچىلاردا سەيلى قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىڭ، ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەردىن بىردەم بولسىمۇ يىراق تۇرۇشقا، تەبىئەت بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىشقا ئەهمىيەت بەرسىڭىز، ئۆزىڭىزدە ئاجايىپ سېهرىي كۈچنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى هېس قىلالايسىز.

ياپونىيەلىك دوختۇر ۋە تەتقىقاتچى چىڭ لى (Qing Li) ئون يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ شىنرىن-يوكۇ (Shinrin_Yoku) نىڭ ئىنسانلارنىڭ ساغالملىقىغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ئورمانلىقتا سەيلە قىلىشنىڭ بېسىم هورمونلىرىنى تۆۋەنلىتىش، ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ياخشىلاش، هەتتا ئىجادچانلىق ۋە زېهني ئوچۇقلۇقنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

8. كاكېيبو (Kakeibo): ئىقتىساد باشقۇرۇش

ئەڭ ئاخىرىدا، ياپونلۇقلارنىڭ كاكېيبو (Kakeibo) يەنى خامچوت تۈزۈش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز. بۇ مالىيە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا ئىقتىسادي بېسىمنى يېنىكلەتكىلى، هورۇنلۇق ۋە سۆرەلمىلىك
ئۈستىدىن غالىپ كەلگىلى بولىدۇ.

كاكېيبو (Kakeibo) ئۇسۇلى: ئائىلىدە كىرىم-چىقىم ھېسابات دەپتىرى تۇتۇپ، ھەربىر كىرىم-چىقىمنى خاتىرىلەپ مېڭىش، مالىيە نىشانىنى بېكىتىپ، پۇل خەجلەش ئادىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ مالىيە ئەھۋالىڭىزنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئاندىن، نىشانلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاقىلانىلىق بىلەن قارار چىقىراالىسىز.

ياپونىيەلىك ژۇرنالىست ۋە «كاكېيبو: ياپونچە پۇل تېجەش سەنئىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى فۇمىكو چىبا (Fumiko Chiba) بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ قەرزدىن قۇتۇلۇپ، ئىقتىسادىي ئاساسىنى پۇختىلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ كىرىم چىقىمىنى خاتىرىلەش، ئېنىق مالىيە نىشان بەلگىلەش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ پۇل خەجلەش ئادىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ قايتا قارار چىقارغان، شۇ ئارقىلىق پۇلنى باشقۇرالىغان ھەمدە ئۆزىنى تۇرمۇشتا تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلغان.

بۇ ئۇسۇللار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئەمەلىي مىساللارنى بىلمەكچى بولسىڭىز بىل گالۋېستون (Bill Galveston) نىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش» دېگەن كىتابىدىن تاپالايسىز.

خۇلاسە

ھورۇنلۇق ھەرقانداق كىشىنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئورتاق خىرىستۇر. مەيلى سىز خەلقئارالىق بىرەر شىركەتنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى، ئوقۇغۇچى ياكى ئاربىدىكى كىشى بولۇشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر، بەزىدە تۇرۇپلا ھورۇنلىشىپ، ئىلھامىڭىز قېچىپ، سۆرەلمە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىڭىزنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئېنېرگىيە تاپالمايۋاتقانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز، بۇ ئىنسانلىقتىكى تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

نېمىلا دېمەيلى، ھورۇنلۇقنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان تۇسالغۇ ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى بارلىقىنى بىلىپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق ئەلبەتتە.

شۇڭا، ئەگەر مەلۇم بىر مەزگىللەر كەلگەندە ئۆزىڭىزنى ھورۇنلىشىپ قېلىۋاتقاندەك، بىرەر ئىشنى باشلاشقا ئىلھامىڭىز كەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلسىڭىز، بۇ قىلمىشلىرىڭىزدىن خىجىل بولۇپ يوشۇرۇپ يۈرمەي، دادىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىڭ، ۋە ئىشنى بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن باشلاڭ. ۋاقىتلىق ھورۇنلىشىپ قېلىش، سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ ياكى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىقتىدارىڭىزنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ۋاقىتلىق ھالەت دەپ قاراڭ.

ھورۇنلۇقنى يېڭىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ھورۇنلۇق ھەر خىل ئامىللاردىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، بىرەر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتىكى مەقسەت ۋە نىشان ئېنىق بولماسلىق، ۋەزىپە ئېغىر بولۇپ كېتىش، مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇش، ھەتتا چارچاپ كېتىش قاتارلىق. ھورۇنلۇقنىڭ تۈپ سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ، شۇ ئاساستا نىشانلىق ئىستراتېگىيىلەرنى تۈزۈپ چىققاندا چوقۇم ھورۇنلۇقنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ياپون مەدەنىيىتىنىڭ ھېكمىتى مانا شۇ يەردىكى، يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن سەككىز خىل ئۇسۇل ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ چىقىپ، ھورۇنلۇقنى تۈگىتىشتە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مۇبادا بۇ ئۇسۇللارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزغا تەدبىقلىسىڭىز، كۈچلۈك ھەمكارلىق ھاسىل قىلىپ، ھورۇنلۇقنى يېڭىپ، يېڭى ئېنېرگىيە ۋە زېھنىڭىز بىلەن نىشانىڭىزغا يېتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، ئۆزگىرىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش لازىم. ئۆزىڭىزگە سەۋىرچان بولۇڭ، ئۆزىڭىزدە كۆرۈلىۋاتقان كىچىككىنە ئىلگىرىلەشنىمۇ تەبرىكلەڭ ۋە شەخسىي ئۇسۇپ يېتىلىش مۇساپىڭىزنى قوبۇل قىلىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://leadership.quest/8_japanese_techniques_for_business_leaders_to_overcome_laziness/

كۆرگەزمە ئەتىگەندىن كەچكىچە داۋا...  |  06.10.2024 10:00-17:00

يېشىلگەن تۈگۈم:

# ئۇيغۇر

# سەنئەت تۈگۈملىرى

## تۇگۇم تۇگۇم سەنئەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆزگىچە كۆرگەزمىسى




ئۇيغۇر كۆكئارت

## تۆگۈم تۆگۈم سەنئەت ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۆزگىچە كۆرگەزمىسى

ئۇيغۇر كۆكئارت

2024-يىلى 10-ئاينىڭ 6-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ رايونىدىكى بىر مەدەنىيەت مەركىزى كىشىلەر بىلەن لىق تولدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك ئۆرنەكلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بۇ كۆرگەزمە زالىدا زامانىۋىلىق ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھەر خىل ئەسەرلەر ۋە بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىنىۋاتاتتى. بۇ كۆرگەزمە تۆگۈم تۆگۈم سەنئەت ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنى ئۇيغۇر پروجەكتى فوندى ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللىغان. تۆگۈم تۆگۈم سەنئەت ئۇيۇشمىسى ئىستانبۇلدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان سەككىز ئۇيغۇر ياشتىن تەركىپ تاپقان بىر ياش ۋە ئىلغار ئورگان. بۇ سەككىز ئۇيغۇر ياش تەشكىللىگۈچىدىن باشقا، ئۇيۇشمىنىڭ تۆرلۈك دەرسلىرىگە قاتنىشىۋاتقان 25 ئوقۇغۇچىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار كۆرگەزمە جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە» دەيدىغان ماقال-تەمسىلىنىڭ ھېكمىتىنى ئۆز ئەمىلىيىتىدە كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

كۆرگەزمە چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى بىلەن باشلانغان بولۇپ، مۆلچەردىكىدىنمۇ كۆپ ئادەم كەلگەن بۇ كۆرگەزمە ھاياجانلىق ۋە قاينام-تاشقىنلىققا تولغان. كۆرگەزمىگە ئىككى ئايلىق كۇرس جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار سىزغان، يازغان ۋە ئىجاد قىلغان 30 غا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرى قويۇلغان بولۇپ، بۇلار رەسىم، ھېكايە، شېئىر ۋە ئۆرنەك تونۇر دىگەندەك ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى قاتارلىق سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئەسەرلەر ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق ۋۇجۇتقا چىقارغان ئەسەرلىرى. ئىككىنچىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئەسەرلىرى.

بۇلاردىن سىرت ئوقۇغۇچىلار يەنە ئىككى ئايلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە رەسساملىق كۇرسىدا ئىستانبۇلدىكى گۈلزادە تەگرىتاغلى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن ئۆگەنگەن ناخشا-ئۇسسۇل ماھارەتلىرىنىمۇ نەق مەيداندا نامايان قىلدى. بۇلار دۇتار چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىش، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش ۋە خور ئېيتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆگۆن تۆگۆن سەنئەت ئۇيۇشمىسى پائالىيەت جەريانىدا دەسلەپكى ئىككى ئايلىق پائالىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشتى. شۇنداقلا كەلگۈسى پىلانلىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىغا ئۈمىد ۋە ئىلھام بېغىشلىدى ۋە ئۇلارنى ھەمكارلىققا چاقىردى. تۇگۇم تۇگۇم سەنئەت ئۇيۇشمىسى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىككى ئايلىق سەنئەت كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ياشلارنىڭ سەنئەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يازلىق تەتىلنى كۆڭۈللۈك ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇلار پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشتى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە سەنئەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىگە ئېرىشىپلا قالماي، يەنە ئۆز تالانتى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. كۇرس جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر سەنئىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلار، تەتقىقاتچىلار ۋە سەنئەتكارلار دەرس بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. كۇرسقا قاتناشقان 30 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بۈگۈنكى كۆرگەزمىگە قويدى.

پائالىيەتتە ئىككى ئايدىن بېرى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا ۋە ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلارغا، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن سوۋغاتلار تەقدىم قىلىندى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى تەكىتلەندى.

پائالىيەت جەريانىدا يەنە ئۇيغۇر ماددىي مەدەنىيەت بۇيۇملىرى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ بەزى ئۆرنەكلىرى نەق مەيداندا كۆرگەزمە قىلىندى. بۇنىڭ تىپىك مىسالى ئۈلگىلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقىغا سىمۋول قىلىنغان ئۆرنەك ئۇيغۇر ئۆيى ۋە داستىخىنى تەييارلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق قائىدىسى بىلەن كۆرگەزمىگە قاتناشقۇچىلارنى قارشى ئېلىش ئارقىلىق قاتناشقۇچىلاردا خۇددى ئۇيغۇر ئۆيىدە مېھمان بولۇشتەك تەسىرات پەيدا قىلغان.

كۆرگەزمە جەريانىدا سەنئەت ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ھەر خىل ۋەزىپىلەردە بولۇپ خىزمەت قىلىشى، ئەتراپلىق پىلانلىنىشى ۋە ئۈنۈملۈك ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن كۆڭۈلدىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. ئۇيغۇر ۋە تۈرك قېرىنداشلىرىمىزدىن 300 دىن ئارتۇق كىشى كۆرگەزمىگە قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارغا چاي، قەھۋە ۋە تاتلىق تۈرۈملەر سۇنۇلغان.

تۇگۇم تۇگۇم سەنئەت ئۇيۇشمىسى تەشكىللىگەن ئىككى ئايلىق سەنئەت كۇرسىدا، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ لېكسىيە، مۇلاھىزە، پىكىر ـ سۆھبەتلىرى، مەشىق ۋە ئويۇنلار، سەنئەت ئانالىزى ۋە ئەمەلىي مەشىقلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەنئەت چۈشەنچىسى ۋە قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان. سەنئەتكارلاردىن سانىيە ئىمىن، مۇقەددەس مىجىت، مەھمۇتجان ئۇيغۇر ئوغلى قاتارلىقلار بىۋاستە دەرس ئۆتكەن ۋە يېتەكچىلىك قىلغان. كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئۆگىنىش، مىللى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلىق، سەنئەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرلەشتۈرگەن بۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ياردىمىدە ، تۇگۇم تۇگۇم سەنئەت ئۇيۇشمىسى ئەخلاق بىلەن سەنئەتنى بىرلەشتۈرگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بۇ بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ چەكلىك شارائىتتا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ۋە تەشكىللىگەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە تەۋرەنمەس روھىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە قوغداش ئۈچۈن يېڭى ۋە ئىلغار ئىدىيەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ.



# زاغۇنىنىڭ ساغلاملىققا بولغان 11 خىل پايدىسى

## زاغۇننىڭ 11 خىل پايدىسى

ئوزۇقشۇناس كارلا لېئال (Karla Leal) نىڭ كلىنكىلىق تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەن

زاغۇننىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىسى ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن A، ۋىتامىن C ۋە لۇتېىن بىلەن زىئاكسانتىن قاتارلىق فېنولىك بىرىكمىلەرنىڭ بولغانلىقىدا. بۇ ۋىتامىنلارنىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش ۋە ياللۇغ قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار بولۇپ ، كۆزنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش، قاندىكى قەنت مىقدارىنى كونترول قىلىش ۋە يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق. زاغۇن تەركىبىدە يەنە قان بېسىمىنى تەڭشەشتە زۆرۈر بولغان كالىي، كالتسىي قاتارلىق مىنېرال ماددىلار بولغاندىن سىرت، بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى يېشىل ئۆسۈملۈكتە سۆڭەكنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاشتا كەم بولسا بولمايدىغان فوسفور، ماگنىي ۋە ۋىتامىن K لارمۇ بار. زاغۇننىڭ تەمى ئاچچىق-چۈچۈك بولۇپ، خام ياكى پىشۇرۇپ يېيىشكە، سالات، قىيام، دۇملىمە ياكى شورپىغا ئارىلاشتۇرۇپمۇ ئىستېمال قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

زاغۇننىڭ ساغلاملىققا بولغان ئاساسلىق پايدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئوزۇقلاشقا پايدىلىق

زاغۇننىڭ ئىسسىقلىق مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، تەخمىنەن 100 گىرام خام ياكى پىشۇرۇلغان زاغۇن يوپۇرمىقىنىڭ تەركىبىدە تەخمىنەن 29 كالورىيە ئىسسىقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى يۇقىرى تالالىق ماددىلار قورساقنى توق تۇتۇپ، ئاچلىق تۇيغۇسىنى ئازايتقاچقا ،ئورۇقلاش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.

2. قاندىكى قەنت مىقدارىنى تەڭشەشكە پايدىلىق

زاغۇن ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان جەۋھەر ۋە ماي ئىنسۇلىننىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، قاندىكى قەنت مىقدارىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ئالفا-لىپوئىك كىسلاتاسى كۈچلۈك ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددا بولۇپ، مېتابولىزمنىڭ قالايمىقان بولۇپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئوكسىدلىنىش سېزىمچانلىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ.

شۇڭا، زاغۇننى كۆندىلىك يېمەك-ئىچمەككە قوشۇپ ئىستېمال قىلغاندا، دىئابېتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە داۋالىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، زاغۇننىڭ تەركىبىدىكى مول تالا لار ئۈچەيدىكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى تەڭشەيدۇ، قاندىكى گلۇكوزا مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىنسۇلىننىڭ قارشىلىق ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

3. قان بېسىمنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنى كونترول قىلىشقا پايدىلىق

زاغۇن تەركىبىدە كۆپ مىقداردا نىترات ۋە كالىي بار بولۇپ، بۇلار قان تومۇرنى كېڭەيتىشكە، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇشقا، قان بېسىمنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىدىغان ماددىلاردۇر. بولۇپمۇ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بارلارغا پايدىسى تېخىمۇ زور. ئۇنىڭدىن باشقا، زاغۇن تەركىبىدىكى ماگنىي ۋە كالتسىي، قان بېسىمنى ئۆرلەتكۈچى نۇروفېنىفرىننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى چەكلىيەلىگەچكە قان بېسىمنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

4. يۈرەك-قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق

زاغۇن تەركىبىدىكى ۋىتامىن C لۇتېين ۋە زىكسانتىننىڭ ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش رولى بار بولغاچقا، ئوكسىدلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان قان تومۇرنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئازايتىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئارتېرىيە دىۋارىنىڭ قېلىنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بۇ زىيان ئارتېرىيە قېتىشىش، يۈرەك كېسىلى ياكى سەكتە قاتارلىق يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ خەۋپىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.
زاغۇن تەركىۋىدىكى ۋىتامىن K مۇ ئارتېرىيە قېتىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇنىڭ تالاسى ناچار خولېستېرىن ۋە ترىگلىتسېرىدنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئارتېرىيە تومۇرلىرىنى ياغ قاپلاپ كېتىش، يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى رولىنى ئوينايدۇ.

5. كۆز ساغلاملىقىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق

زاغۇن تەركىبىدە لۇتېين ۋە زېئاكسانتىن قاتارلىق ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرغۇچى ماددىلار مول بولۇپ، كۆز ھۈجەيرىسىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئەركىن رادىكاللار (free radicals) غا قارشى تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، زاغۇننى دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، كۆز ساغلاملىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئۈنىڭدىن باشقا، زاغۇن تەركىبىدە كۆپ مىقداردا كاروتىن ۋە ۋىتامىن A بار بولۇپ، بۇ كۆز قۇرغاقلىشىش ئۈنىۋېرسال كېسەللىكى، كېچىسى كۆرەلمەسلىك ياكى ياشانغانلاردا بولىدىغان كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

6. سۆڭەك ساغلاملىقىنى ساقلاشقا پايدىلىق

زاغۇننىڭ تەركىبىدىكى مول كالتسىي، فوسفور ۋە ماگنىيلار سۆڭەكنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم بولغان مىنېرال ماددىلار. ئۇنىڭ سۆڭەك شالاڭلىشىش، يۇمشاپ كېتىش ياكى راخىت كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە سۇنۇق خەۋپىنى ئازايتىشتىكى رولى ئىنتايىن چوڭ.

ئۈنىڭدىن باشقا، زاغۇن تەركىبىدىكى ۋىتامىن K سۆڭەكنىڭ مېتابولىزمىنى ئاستىلىتىپ، يېمەكلىكتىكى كالتسىينىڭ سۈمۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق سۆڭەكنىڭ كۈچلۈك ۋە ساغلام بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

7. قېرىشنى كېچىكتۈرۈشكە پايدىلىق

زاغۇننىڭ تەركىبىدىكى مول كاروتىن، ۋىتامىن A ۋە C لارنىڭ كۈچلۈك ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرۇش رولى بولغاچقا، تېرىنىڭ قېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەركىن رادىكاللار (free radicals) غا قارشى تۇرىدۇ.

ئۈنىڭدىن باشقا، زاغۇن تەركىبىدىكى ۋىتامىن C تېرىنىڭ كوللاگېن ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېرىنىڭ ساڭگىلاپ كېتىشى ۋە قورۇقنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلەيدۇ. ۋىتامىن A بولسا تېرىنى قۇياشنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياندىن ساقلايدۇ.

8. مۇسكۇللارنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق

زاغۇن ھەرخىل ۋىتامىنلار، تالا ماددىلار، نىترات ۋە ئوكسىدلىنىشقا قارشى ماددىلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ، قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلار يەنە ئوكسىگېننىڭ مۇسكۇللارغا يېتىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەنھەركەتچىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جىسمانىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا پايدىسى بولىدۇ. ئۈنىڭدىن باشقا، زاغۇندىكى

ۋىتامىن K سۆڭەكنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان بولغاچقا تەنھەرىكەتچىلەرگە كۆچلۈك تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

9. بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشكە پايدىلىق

زاغۇن تەركىبىدىكى يېشىل رەڭ ماددىسى (خلوروفىل) ۋە ۋىتامىن C لارنىڭ ئىنسان بەدىنىدىكى زەھەرلىك ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىۋېتىش رولى بولغاندىن سىرت يەنە ئېغىر مېتاللار، خىمىيۋى ماددىلار ۋە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى نېيتراللاشتۇرۇش رولىمۇ بار. ئۇ بەدەننى زەھەرسىزلەندۈرۈپ، DNA بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان راك كېسەللىكلىرى، بالدۇر قېرىش ۋە يۈرەك ـ قان تومۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

10. راك كېسەللىگە قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق

راك ھۆجەيرىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، زاغۇننىڭ سۈت بېزى، مەزبىبېزى، ئۆپكە ۋە ئاشقازان ئاستى بېزى راكىغا قارشى تۇرۇشتا ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. زاغۇندىكى مول سۇلفورافان، ئېرۇسىن ۋە گلۇكوسىنولات قاتارلىق ماددىلار راك ھۆجەيرىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە كېرەكلىك فېرمېنتلارنى توسۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇنداق پايدىلىق ئامىللارنى يەنىمۇ ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىنسانلار ئۈستىدە تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

11. ھامىلىنىڭ بىنورمال تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق

زاغۇندا فولېت (folate) يەنى مۇرەككەپ ۋىتامىن B مول بولۇپ، ئۇنىڭ گېنلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى رولى زور. شۇڭا ئۇ ھامىلدار ئاياللار ياكى ھامىلدار بولۇشنى پىلانلاۋاتقان ئاياللار ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى فولېت (folate) يېتىشمىسە ئومۇرتقا ياللۇغىغا ئوخشاش ھامىلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئوزۇقلۇق قىممىتى

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە 100 گرام زاغۇننىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى كۆرسىتىلگەن:

| | |
|---|---|
| ئوزۇقلۇق ماددىلار | 100 گرامدىكى مىقدارى |
| قۇۋۋەت | 29 كالورىيە |
| ئاقسىل | 2.6 گرام |
| ياغ | 0.7 گرام |
| كاربون سۇ بىرىكمىسى | 2.2 گرام |
| تالا ماددىلار | 1.6 گرام |
| ۋىتامىن A | 308 مىكروگرام |
| ۋىتامىن B6 | 0.07 مىللىگرام |
| ۋىتامىن C | 15 مىللىگرام |
| ۋىتامىن K | 108.6 مىكروگرام |
| كاروتىن | 1848 مىكروگرام |
| فولېت | 97 مىكروگرام |
| ناترىي | 27 مىللىگرام |
| كالىي | 370 مىللىگرام |
| كالتسىي | 160 مىللىگرام |
| فوسفور | 52 مىللىگرام |
| ماگنىي | 41 مىللىگرام |
| تۆمۈر | 1.5 مىللىگرام |
| زىنك | 0.4 مىللىگرام |
| لۇتېئىن ۋە زېئاكسانتىن | 3555 مىكروگرام |

مۇھىم ئەسكەرتىش: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بارلىق پايدىلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، زاغۇنىنى ھەم ساغلام ھەم ئوزۇقلۇقنى تەڭشەيدىغان يېمەكلىكلەر قاتارىدا ئىستېمال قىلىش لازىم.

زاغۇنىنى قانداق ئىستېمال قىلىش كېرەك

زاغۇنىي سالاتقا، شەربەتكە ياكى سەندۇۋىچقا قوشۇپ يېسە بولىدۇ. بىراق تەمى سەل ئاچچىق-چۈچۈك بولغاچقا، بەزىلەر خام يېيىشنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن، سامساق بىلەن بىللە پىشۇرسا تەمنى تەڭشىگىلى بولىدۇ.

ساغلام رېتسېپلار

تۆۋەندە ھەم تېز ھەم ئاددىي تەييارلىنىدىغان ھەمدە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان زاغۇن يېمەكلىك رېتسېپلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

1. زاغۇن، ماڭگو سالات

خۇرۇچلار:

- بىر تۇتام يۇيۇلغان زاغۇن
- بىر دانە ئۇششاق پارچىلانغان ماڭگو
- كىچىك پەمىدۇر (Cherry tomatoes)
- ئۇششاق توغرالغان رىكوتا ياكى بۇفالو موزارېللا (Ricotta cheese or buffalo mozzarella) پىشلىقى

تەييارلاش ئۇسۇلى:

بۇ خام ماتېرىياللارغا مۇۋاپىق مىقداردىكى بالسامىك (Balsamic vinegar) ئاچچىقسۇيى، زەيتۇن يېغى ۋە تۇزلارنى قوشۇپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ تەمنى تەڭشەپ ئىستىمال قىلساقلا بولىدۇ.

2. زاغۇن دۇملىمىسى

خۇرۇچلار:

- بىر تۇتام يۇيۇلغان زاغۇن
- ئىككى چىش سامساق

- ئىككى قوشۇق  پەمىدور قىيامى
- مۇۋاپىق زەيتۇن يېغى
- تۇز
- قارا مۇرچ

تەييارلاش ئۇسۇلى:

قىزىتىلغان قازانغا زەيتۇن يېغىدىن ئازراق قۇيۇپ سامساقنى سېلىپ سارغايغىچە قورۇيمىز، ئاندىن زاغۇن بىلەن پەمىدور قىيامىنى سېلىپ قورىمىز، مۇۋاپىق سۇ ياكى شورپا قۇيۇپ قايىنىغاندىن كېيىن ئوتنى پەس قىلىپ تۇز ۋە قارا مۇرچ بىلەن تەمىنى تەڭشەپ يەنە 4 مىنۇتتەك دۇملەپ، ئىستىمال قىلساق بولىدۇ.

3. زاغۇن ۋە سالمون بېلىقى سالات

خۇرۇچلار:

- 200 گرام يېڭى ئاسپاراگۇس (Asparagus) نىك ئۇچى
- بىر تال چوڭ ئاۋاكادو (Avocado)
- بىر قوشۇق لىمون سۈيى
- بىر تۇتام يۇيۇلغان زاغۇن
- 225 گرام ئىسلانغان سالمون بېلىقى
- تۇز
- مۇۋاپىق زەيتۇن يېغى
- مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاچچىقسۇ
- خالىغان مىقداردىكى خۇشپۇراقلىق كۆكتاتلار

تەييارلاش ئۇسۇلى:

قايىنىغان سۇغا ئازراق تۇز سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئاسپاراگۇسنى سېلىپ 4 مىنۇت قايىنىتىپ سۈزۈپ ئېلىپ مۇزدەك سۇدا چاقايمىز، ئاۋاكادونىڭ يېرىمىنى كىچىك قىلىپ توغرايمىز، بۇلارنى زاغۇن ۋە توغرالغان سالمون بېلىقى بىلەن قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردىكى لىمون سۈيى، تۇز، ئاچچىقسۇ، ۋە زەيتۇن يېغىنى قۇيۇپ تەمىنى تەڭشەپ ئىستىمال قىلساق بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.tuasaude.com/en/arugula_benefits/



# شىفىرلىق پۇل، خىتاي ۋە ئامېرىكا سايلىمى

مەھمەتجان بۇغرا

## شفىرلىق پۇل، خىتاي ۋە ئامېرىكا سايلىمى (2)

مەھمەتجان بۇغرا

خىتايدا بىت تەڭگىسى

2011-يىلى، خىتايدا تۇنجى كرىپتو تەڭگە ئالماشتۇرۇش مەركىزى BTC China قۇرۇلغاندا، ھېچكىم بۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بىر ئىنقىلابقا يول ئاچىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. 2013-يىلىغا كەلگەندە، خىتاينىڭ ئىنتېرنېت چوڭ شىركەتلىرىدىن بىرى بولغان بەيدۇ بىتكوين بىلەن تۆلەم قوبۇل قىلىشنى باشلىدى.

2014-يىلى Bitmain شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، خىتاي بىتكوين قېزىش سانائىتىدە دۇنيا بويىچە يېتەكچى ئورۇنغا چىقتى. 2020-يىلى خىتاي دۇنيا بويىچە بىتكوين قېزىشنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. خىتايدا بىت تەڭگىسگە مەبلەغ سېلىش ۋە قازمىچىلىق قىزغىنلىقى تارىخى رېكورد ياراتتى. ئەمما بۇ گۈللىنىش مەزگىلىمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى. 2017-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى بىت تەڭگىسى قازمىچىلىقىنى چەكلەشنى باشلىدى. 2021-يىلى 9-ئايدا بارلىق كرىپتو تەڭگە پائالىيەتلىرى پۈتۈنلەي چەكلەندى.

2021-يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنى، يەنى خىتاي رەسمىي چەكلىمە ئېلان قىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، بىتكويىننىڭ باھاسى تەخمىنەن 45, 000 دوللار ئىدى. چەكلىمە ئېلان قىلىنغان كۈنى بىت تەڭگىسى باھاسى 9% چۈشتى، باشقا كرىپتو تەڭگىلەرنىڭ باھاسىمۇ ئوخشاشلا چۈشتى، پۈتۈن كرىپتو بازىرى قىسقا مۇددەتلىك داۋالغۇشقا دۇچ كەلدى.

خىتايدىكى بىت تەڭگىسى قازمىچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىياغا كۆچۈپ قازمىچىلىقنى داۋام قىلدى. ئامېرىكا ۋە قازاقىستاندىكى قازمىچىلىق ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. 2021-يىلى بىت تەڭگىسى 68 مىڭ دوللارغا چىقتى.

خىتاينىڭ بىت تەڭگىسىنى چەكلىشىدىكى سەۋەب :

1-خىتاي پۇلىنىڭ قىممىتىنى قوغداش - خىتايدىكى بىت تەڭگىسى قىزغىنلىقى تۆپەيلى غايەت زور

مەقتاردا خىتاي پۇلى شىفىرلىق پۇل بازىرىغا ئېقىپ كىرىپ خىتايدىكى ئايلانما ئومۇمى پۇل مىقتارىغا، قىسقىسى خىتاي پۇلىنىڭ قىممىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، پۇل ئالماشتۇرۇش نىسبىتىنى قاتتىق كونترول قىلىپ كەلگەن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالنى كونترول قىلىش ئۈچۈن چەكلەشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

2ـ پۇل مۇئامىلىسىنى كونترول قىلىش ـ خىتاي ھۆكۈمىتى قىممىتىنى ئۆزى كونترول قىلالمايدىغان بىر ئايلانما پۇل (شىفىرلىق تەڭگىلەر) نىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى تەھدىت دەپ بىلدى.

3ـ قانۇنسىز پۇل يۆتكەش ۋە جىنايەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نۇرغۇن چىرىك ئەمەلدارلار، جىنايەت گۇماندارلىرى، ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرىگەن بايلار زور مىقتاردىكى پۇللىرىنى بىت تەڭگىلىرىگە ئالماشتۇرۇپ خىتاي سىرتىغا يۆتكەش ئەھۋالى يۈز بەردى.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر يالغۇز خىتايغا خاس ئەمەس، ئەمما خىتايدىن كېيىن باشقا دۆلەتلەرمۇ پۇل ئاقلاش، تېرورىزىمنىڭ مالىيە مەنبەسىنى كېسىپ تاشلاش، دىنى قاراشلار، مالىيە مۇقىمسىزلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالجىرىيە، بېنگال، مىسىر، ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر كرىپتۇ بىلەن سودا قىلىشنى ياكى ئېلىپ سېتىشنى چەكلىدى.

خىتاي كۆرۈنۈشتە شىفىرلىق تەڭگىنى چەكلىدى، ئەمەلىيەتتە شىفىرلىق تەڭگىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىنىڭ رەقەملىك پۇلىنى (e-CNY) تەرەققى قىلدۇرۇشقا باشلىدى.

خىتاينىڭ شىفرلىق تەڭگە ساھەسىدىكى داڭدار شەخسلەر

ۋۇ جىخەن (吴忌寒) خىتايدىكى مىليارد دوللارلىق شىفىرلىق تەڭگىگە ئىگە داڭلىق شەخس. ئۇ 2013ـ يىلى جەن بىلەن بىرلىكتە Bitmain شىركىتىنى قۇرغان. بۇ شىركەت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىت تەڭگىسى قازمىچىلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېر يۇمشاق ئۆزەك شىركىتى ئىدى. 2017ـ يىلى بۇ شىركەت 2.5 مىليارد دوللار كىرىم قىلغان. ئۇ 2017ـ يىلى قۇرۇلغان، بىت تەڭگىنىڭ بىر يانداش شىفىرلىق تەڭگىسى Bitcoin Cash نىڭ ئاساسلىق تەرەققى قىلدۇرغۇچىسى ئىدى. ئۇ فوربس (Forbes) ژۇرنىلىنىڭ 2020ـ يىللىق دۇنيا مىلياردېرلار تىزىملىكىدە ئاسيادىكى ئەڭ ياش بەش مىلياردېرنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان.

ۋۇ جىخەن 1986-يىلى خىتاينىڭ چوڭچىڭ شەھرىدە نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. چوڭچىڭ نەنكەي ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد ۋە پسىخلوگىيە كەسپىدە ئوقۇپ، 2009-يىلى قوش ئۇنۋان ئېلىپ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر خۇسۇسىي كاپىتال شىركىتىدە مالىيە ئانالىزچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2011-يىلى 5-ئايدا، ئۇ بىت تەڭگىسىگە قىزىقىپ قالغان، ۋە ئائىلىسى ۋە دوستلىرىدىن 100 مىڭ يۈەن يىغىپ، 900 بىت تەڭگىسى سېتىۋالغان. بىتكويىننىڭ يەنە بىر قىزغىن تەرغىباتچىسى چاڭ جيا بىلەن بىرلىكتە خىتايدىكى تۇنجى بىتكويىن جامائەت تور بېكىتى بولغان Babite نى قۇرغان. 2011-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ ساتوشى ناكاموتو (Satoshi Nakamoto) نىڭ بىتكويىن ئاق تاشلىق كىتابىنى خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان.

2012-يىلى، ۋۇ بىت تەڭگىسى قازمىچىلىقى بىلەن شوغۇللىنىدىغان«ASICMINER» غا مەبلەغ سالغان. دەسلەپتە بۇ مەبلەغ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، مەبلەغ سالغۇچىلارغا 1000 ھەسسىدىن ئارتۇق پايدا كەلتۈرگەن. كېيىن تېخنىكىلىق مەسىلىلەر تۈپەيلى شىركەت زىيات تارتقان. ئۇ ئۆزى بىر قىسىم تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن بىر مىكروئېلېكتر ئىنژېنېرى بولغان دوستى بىلەن بىرلىشىپ «Bitmain» نى قۇرۇپ چىققان، 2015 -يىلى دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە بىت تەڭگىسى قېزىشتا ئىشلىتىدىغان شۇ ۋاقىتتىكى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار «Bitmain Antminer S5» ئۈسكۈنىسىنى ياساپ چىققان، بۇ ئۈسكۈنە دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە سېتىلىپ بىت تەڭگىسىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشىغا تۆرتكە بولغان. 2017- يىلى سىنگاپۇردا بىت تەڭگە ئۈچۈن مالىيە مۇلازىمىتى شىركىتى Matrixport نى قۇرغان.

بۇ شىركەت ئىچكى مۇڭغۇلدا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىت تەڭگە قازمىچىلىق ئورنىنى قۇرغان ئىدى، بۇ شىركەتنىڭ بىت تەڭگىلىرىنى قازىدىغان يۇقىرى ھېسابلىغۇچلىق كومپيۇتېرلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر كۆمۈر ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئىشلەتكەن، ئەمما ئېغىر مۇھىت بۇلغىنىشى پەيدا قىلغان. دۇنيادا ھەر ئون مىنۇتتا بىر بىت بلوكى قېزىلىپ كۆنگە سەككىز مىليون دوللارلىق بىتكويىن قېزىپ چىقىلغان بولسا بۇ يېڭى قېزىلغان بىت تەڭگىلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپى خىتايدىن، بولۇپمۇ«Bitmain» نىڭ قازمىچىلىقىدىن چىقاتتى.

ۋۇ جىخەندىن باشقا يەنە ئىلگىرى جورج سوروسنىڭ (Soros Fund Management) شىركىتىدە ئىشلىگەندىن كېيىن «IDC Capital» شىركىتىنى قۇرغان، ھازىرقى ئەڭ ئاساسلىق شىفىرلىق تەڭگە پۇل ئالماشتۇرۇش سۇپىسى «Coinbase» نىڭ دەسلەپتىكى قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ بىلەن

تەمىنلىگەن تېگى خىتايدىن بولغان ياك گۇ، ئاساسلىق بلوك زەنجىرى سۇپىسى NEO نىڭ قۇرغۇچىسى دا خوڭفېي (达鸿飞)، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كرىپتو تەڭگە ئالماشتۇرۇش سۇپىلىرىنىڭ بىرى «Huobi» نىڭ قۇرغۇچىسى لېئون لى (李昂)، بلوك زەنجىرى تېخنىكىسى قوللىنىپ تەرەققى قىلدۇرۇلغان ئويۇن ۋە شىفىرلىق مۈلۈك ئېلىم بېرىم سۇپىسى «TRON» نىڭ قۇرغۇچىسى جاستىن سۇن (孙宇晨)، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىتكوين ۋە كرىپتو تەڭگە قېزىش كۆلچەكلىرىنىڭ بىرى بولغان « F2Pool» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋاڭ چۈن (王纯)، شىفىرلىق تەڭگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەمىنلەش سۇپىسى «VeChain» نى قۇرغان كېۋىن فېڭ (冯凯文) شۇنداقلار نۇرغۇن خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە ياش ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر دۇنيادىكى شىفىرلىق پۇل ساھەسىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## خىتاي ئىقتىسادى ۋە شىفىرلىق تەڭگىنىڭ خىتايدىكى رولى

1ـ خىتاي پۇقرالىرى پۇللىرىنىڭ قىممىتىنى ساقلاشتا يەنىلا بىت تەڭگە قاتارلىق شىفىرلىق پۇللارنى يىغىپ ساقلىماقتا. 2021ـ يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئاساسلىق كرىپتو تەڭگە ئالماشتۇرۇش سۇپىلىرىنى تاقىۋەتكەندىن كېيىن، خىتاي پۇقرالىرى باشقا يوللارنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار رەسمى بولمىغان تور يۈزىدىكى شەخسى ئېلىم سېتىم سۇپىلىرىنى تەرەققى قىلدۇردى. Web3 (OTC ـ Over the Counter) سۇپىلار ۋە شەخسلەرئارا (P2P) تور سودىلىرى ئارقىلىق شىفىرلىق تەڭگە سودىسىنى ئاسانلاشتۇرۇشنىڭ يېڭىچە يوللىرىنى تاپتى. بەزىلىرى بولسا نۆۋەتتىكى قانۇن ـ نىزاملارغا ماسلىشىپ ئېلىم ـ سېتىم يوللىرىنى ئۆزگەرتتى. بۇ سۇپىلار خىتاي مەبلەغ سالغۇچىلار، بايلىقىنى سىرتقا يۆتكەپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان بايلار ۋە مەبلەغ سېلىش يولى تاپالمىغانلار ئۈچۈن غەيرى رەسمى ئېلىم ـ سېتىم مۇھىتى بىلەن تەمىنلىدى. 2021 ـ يىلىدىكى تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە خىتايدىكى شىفىرلىق پۇل ئېلىم ـ سېتىم ئوبوروتى پۈتۈن دۇنيادىكى شىفىرلىق پۇل ئېلىم سېتىمىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بىر **تەتقىقاتقا** قارىغاندا خىتاينىڭ شىفىرلىق پۇلنى چەكلىشى خەلقئارادىكى شىفىرلىق پۇل بازىرىغا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن، گەرچە قىسقا مۇددەت ئىچىدە باھانىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي بىت تەڭگىسىنىڭ باھاسى يەنە ئەسلىگە كەلگەن. ھەتتا خىتايدىكى ئىقتىسادىنىڭ ئىلگىرلىگەنلىكى ھەققىدە خەۋەرلەر بىت تەڭگىسىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەب بولۇپ كەلمەكتە.

غەرب دۇنياسىدا بولسا، بىت تەڭگىسى ۋە باشقا شىفىرلىق پۇللارنىڭ بازار قىممىتى ئەركىن ھالدا

ئېھتىياج تەرىپىدىن بەلگىلەنسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بىت تەڭگىسى باھاسىنىڭ پايپىك، ھۆكۈمەت زايۇمى قاتارلىق پۇل-مۇئامىلە قوراللىرىنىڭ باھاسى، ئۆسۈم ۋە باشقا ئامىللار بىلەن زىچ باغلىنىشى بارلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

2014 -يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈزلۈكسىز چېكىنىۋاتقان ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر تىرلىيون يۈەنلىك جانلاندۇرۇش پىلانىنى ئېلان قىلدى، ئارقىدىن 9-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا يەنە 4.6 پىرسەنلىك GDP ئېشىشىنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە 1.5 تىرلىيون يېڭى زايۇم ۋە قەرز چەكلىرى تارقىتىلىدىغانلىقى، ئۆسۈمنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە خىتاي پاي بازىرى ۋە بىت تەڭگىلىرىنىڭ بازىرى قايتىدىن جانلاندى، 10-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن باشلاپ 18-كۈنىگىچە بىت تەڭگىسىنىڭ باھاسى 14 پىرسەنت ئۆستى.

## ئامېرىكا سايلىمى ۋە شىفىرلىق پۇل

نۆۋەتتە ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمى ئۈچۈن بېلەت تاشلاش باشلىنىش ئالدىدا ۋە ترامپنى قوللاش خاھىشى بىر ئاي ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئۈزلۈكسىز يۇقىرلاپ ماڭماقتا. دوكلاتلارغا قارىغاندا ئامېرىكادىكى ياش شىفىرلىق پۇل مەبلەغ سالغۇچىلار بىلەت تاشلىغۇچىلار ئىچىدە خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

ترامپنىڭ سايلامدا غەلبە قىلىش ئېھتىماللىقى بىلەن بىتكوين باھاسىنىڭ ئۆسۈشى ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقى ھەققىدە ئانالىزلار كۆپەيمەكتە.

ترامپ ئىلگىرى شىفىرلىق پۇلغا قارشى ئىدى، بىت تەڭگىسىنى قىممىتى يوق، پەقەت جىنايەتچىلەر پايدىلىنىدىغان نەرسە دەپ قارايتتى. 2024 - يىلى 7-ئايدا ترامپ شىفىرلىق پۇلنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شەخسلەرنىڭ بىت تەڭگە قازمىچىلىقىنى قوللىشى كېرەك، دەپ قارىدى. ھەتتا ئۆزى «دۇنيا ئەركىنلىك پۇل-مۇئامىلىسى» دېگەن نامدا شىفىرلىق تەڭگە چىقىرىپ بازارغا سالدى، بىر ئايغا يەتمەي بۇ شىفىرلىق تەڭگىدىن 800 مىليوندىن ئارتۇق سېتىلدى. 2024-يىلى ئامېرىكىنىڭ نەشۋىل(Nashville) شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىت تەڭگىسى كونفېرانسىدا ترامپ نۇتۇق سۆزلەپ، ئەگەر پرېزىدېنت بولۇپ سايلانسا ئامېرىكانى خەلقئارا بىت تەڭگىسىنىڭ بازىسى قىلىدىغانلىقىنى، بىت تەڭگىسى ساھەسىدە ئامېرىكانى دۇنيا لىدىرى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلدى. شۇ خەۋەردىن كېيىن ترامپ مېدىيا چەكلىك

شىركەتنىڭ پايچېكى ۋە بىت تەڭگىسىنىڭ باھاسى ئېشىپ باردى.

2024-يىللىق ئامېرىكا پرېزىدېنتلىق سايلىمىغا شىفىرلىق پۇل ساھەسىدىكىلەر 119 مىليون دوللار مەبلەغ سالغان (يەنى، سايلام سىياسى تەشۋىقاتى ۋە لوببىيچىلىق ئىشلىرىغا خەجلەنگەن پۇل). شىفىرلىق پۇل ساھەسىدىكىلەر ئۆتكەندىن باشقا يىللاردىن بېرى «FIT21» قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللۇقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن لوببىيچىلىق قىلىپ كەلمەكتە. بۇ قانۇن لايىھەسى شىفىرلىق پۇل تىجارىتى ۋە ئالماشتۇرۇشىنى «CFTC» (تاۋار، قەرەللىك مال تىجارىتى كومىتېتى) نىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۆتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. نۆۋەتتە شىفىرلىق پۇل ئېلىم-سېتىمى ۋە ئالماشتۇرۇشىنى قانۇنى جەھەتتىن ئىدارە قىلىش ئىشىنى «SEC» (ئاكسىيە تىجارىتى باشقۇرۇش كومىتېتى) ئېلىپ بارىدۇ، شىفىرلىق پۇلنىڭ بازاردا ئوبوروت بولىشى پايچېك قاتارلىق ئاكسىيەلەرگە ئوخشىمىغاچقا، «SEC» بەزى قانۇن نىزاملىرى شىفىرلىق پۇل ساھەسىنى ئىدارە قىلىشقا ماس كەلمىگەن. ترامپ چىقسا بۇ قانۇن لايىھەسىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، ئەگەر بۇ قانۇن ماقۇللانسا ئامېرىكادا شىفىرلىق پۇلنىڭ ئالماشتۇرلىشى تېخىمۇ ئەركىن بولۇپلا قالماي بىخەتەرلىكى ۋە نوپۇزى قانۇنى جەھەتتە بەزى ئىلگىرلىگەن قوغدىلىشقا ئىگە بولىدىكەن.


كۆڭۈل ۋە تەن
قانائەتچانلىقنىڭ سىرى
جوپ لان

## قانائەتچانلىقنىڭ سىرى

جوپ لان

قانائەت دېگەن نېمە؟

قانائەت ـ كىشىنىڭ ئۆز ئەھۋالىدىن، جىسمانىي ۋە روھى جەھەتتىن ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلىش دېمەكتۇر. ئۇ كۆپىنچە ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلىش، ئۆزىدىن ياكى ئېرىشكەنلىرىدىن قارىغۇلارچە رازى بولغانلىق دەپ خاتا چۈشىنىلىدۇ.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەنمۇ قانائەتلىنىشنى يامان ئىش دەپ ئويلاپ كەلگەن ئىدىم. مەن ئۇچۇن قانائەتلىنىش ھەممىدىن، شۇنداقلا ئۇلۇغۋار غايەمدىنمۇ ۋاز كەچكەنلىك بولۇپ ھېساپلىناتتى. مەن تېخى ياش تۇرسام، ئالدىمدا شۇنچە ئۇزۇن ھايات مۇساپەم تۇرسا قانداقمۇ قانائەت قىلالايمەن؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ مەن ئۆزۈمنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشۇم، ياش بولغاندىكىن ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىشىم كېرەك دەپ ئويلايتتىم.

بۇنداق تۇيغۇنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشى سەۋەبىدىن، مەن ئون يەتتە يېشىمدىلا مەكتەپنى ئايرىلدىم، چۈنكى مەكتەپ ماڭا مەن مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمىدى، شۇڭا مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئۇستاز بولۇپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەربىيىلىمەكچى بولدۇم. بىر مەزگىل كۇتۇپخانىلارغا چۆكۈپ ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇدۇم، رۇس ئەدەبىياتىدىن فرانسۇز ئەدەبىياتىغىچە، گېرمان ئەدەبىياتىدىن زامانىۋى ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا قەدەر، ئۇنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن پەيلاسوپلارنىڭ كىتاپلىرىنى ئوقۇدۇم، كانت (Kant)، خېگېل (Hegel) , سارتېر (Sartre) ۋە باشقىلار. مەن مەكتەپتە ئۆگەتكەن نەرسىلەردىن پەرقلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەندىم دەپ ئويلىدۇم، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا مەن ئىزدىگەن نەرسىلەر ئەمەس ئىدى.

بەختكە ئىنتىلىش

غەرب مەدەنىيىتىدە، بىز قانائەتچان بولۇشنىڭ ئورنىغا، بەختلىك بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز. يازغۇچى راس خاررىس (Russ Harris) نىڭ «بەخت تۇزىقى» (The Happiness Trap) دېگەن كىتابى بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلغان. سىز كۇنلەرنىڭ بىرىدە لاتارىيىدە ئۇتۇپ بىر مەزگىل ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئىنسانلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى

كۆچلۈك بولغاچقا قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ، بىز يەنىلا بۇرۇنقى بەختنى چۈشىنىش سەۋىيىمىزگە قايتىپ كېلىمىز. (ئويلىمىغان يەردىن خىزمەتتىن ياكى جۆرىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش دېگەندەك بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللارمۇ بار).

راس خاررىس (Russ Harris) ھازىرقى ئېقىپ يۈرگەن بەخت ئۇقۇمىنى خەتەرلىك، رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس، ئۇ خىل ئۇقۇملار رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۈمىدسىزلىك، يوقىتىش ۋە قولايسىزلىقلارغا تولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ. خاررىس (Harris): «ئەگەر سىز باياشات ۋە مەنىلىك ھايات كەچۈرمەكچى بولسىڭىز، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك» دەيدۇ. ئۇ بىرخىل تەپەككۇر شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئاندىن شۇ قىممەت قاراشقا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدىن ھالقىغان ئىشلارغا تايانمايدىغان بىر خىل بەخت تۇيغۇسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ قاراش

«قانائەتچانلىق ـ تەبئىي بايلىق، ھەشەمەتچىلىك ـ سۈنئىي نامراتلىق» ـــ سوقرات

پەيلاسوپ سوقرات قانائەتنى گرېكچە «ئاۋتاركېيا» (Autárkeia) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن، بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇپ، «ئاۋتاركېيا» (Autárkeia) كەلىمىسى ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان: «ئاۋتوس» (Autós) يەنى «ئۆز» ، ۋە «ئاركېئو» (Arkéō) يەنى «يېتەرلىك بولۇش» دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: بۇ خىل ئۆزىگە يېتەرلىك بولۇش، ھېسسىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇش نېمىگە ئاساسلىنىدۇ؟

ئەگەر سىز دىندار بولسىڭىز، بۇنىڭ ئاساسى خۇداغا بولغان ئىشەنچتىن كېلىدۇ. خىرىستىيان مۇرىتلىرى تەڭرىنىڭ ھەممە نەرسىنى كونترول قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكە، تىنچلىق ياكى خاتىرجەملىك ھېس قىلالايدۇ. مۇسۇلمانلاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال بار. مەن ئوقۇغان بىر چۈشەندۈرۈشتە: «بۇ ئاللاھنىڭ بىر نېمىتى بولۇپ، كىشىنىڭ ئىسلامغا بولغان ئېتىقادىنى كۈچەيتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىگە خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ» دېيىلگەن.

بۇددا ئەقىدىسىدە باشقا دىنلاردىكىدەك ئىشىنىدىغان ياكى بەخت تىلەيدىغان ئىلاھ يوق. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە غەم-قايغۇ، نەپسى-خاھىش ۋە ماددىي ئېھتىياجلاردىن قۇتۇلۇش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئۈچى ئىنساننىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىنىڭ

ئاساسلىق مەنبەسىدۇر. دېمەك، قانائەتچانلىق دېگىنىمىز ـ مۇشۇ جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبلىرىدىن ئازاد بولۇش دېگەنلىك. لېكىن بۇ پۈتۈن ھېكايىنىڭ ھەممىسى ئەمەس. بۇددىستىزمنىڭ ئۆلگە قىلغاندا ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇدرىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدۇ، بۇ يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇدرەت «بۇددا تەبىئىتى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ بۇددىستلاردا كەم بولسا بولمايدۇ. ھەقىقىي خاتىرجەملىك پەقەت غەم ـ قايغۇ، نەپسى ـ خاھىش ۋە ماددىي ئېھتىياجلاردىن قۇتۇلۇشتىنلا كەلمەيدۇ، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى بۇددا تەبىئىتىگە بولغان چوڭقۇر ئىشەنچ ۋە ئۇنى ھېس قىلىش تەجرىبىسىدىنمۇ كېلىدۇ.

ئۈسۈپ يېتىلىش

ھاياتتىن ياكى ئۆزۈمدىن رازى بولماسلىقتىن باشلاپ، قانائەتچانلىقنىڭ مۇنداق بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇپ يەتتىم:

- ئۇ بىر خىل ئارام ياكى خاتىرجەملىك تۇيغۇسى
- ئۇ ھاياتتىكى خۇشاللىق ياكى قايغۇغا باغلىق ئەمەس
- ئۇنىڭ ئۆزى ئۆزىگە يېتەرلىك، كۇپايە
- ئۇ تەبىئىي بايلىق
- ئۇ ئىشەنچتىن كېلىدۇ، ئىشەنچ ئۈستىگە قۇرۇلغان

قانائەتلىنىش دېگەن رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالغان بىر ھالەت ئەمەس. مەندە قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولغاندا، ئۆزەمنى ھەمىشە دۇنيا بىلەن باغلانغاندەك ھېس قىلىمەن. رېئاللىق بىلەن باغلانمىغان قانائەتچانلىق، ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىش خالاس.

ھايات يولى

ئوخشىمىغان ئەھۋاللاردا قانائەتلىنىشنىڭ يولىنى تېپىش بىر جەريان، ئۇ ھەرگىزمۇ ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇنتۇپ قالىدىغان نەرسە بولماستىن بەلكى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان خىزمەت. بەختلىك كۈنلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، بەلكى بىر تەبەسسۇم، ئاق كۆڭۈل بىر روھ، ساھىلدىكى تاشلار، يېشىل ئوت ـ چۆپلەر... ئېسىمىزگە كېلىشى مۇمكىن. ئىنسان ئەنە شۇنچىلىك كىچىككىنە نەرسىلەردىن رازى بولىدۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان باغلىنىشتىن مىننەتدار بولىدۇ. شۇڭا ھايات يولىمىزدا مانا مۇشۇنداق كىچىك تەپسىلاتلارغا ۋە باغلىنىشلارغا ئەھمىيەت بېرەيلى. بەلكىم بۇ جەريانلاردا ئازاپلىنىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن،بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭغا سەل

قارىماي، ياكى ئىنتېرنېتتىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنماي، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باقايلى، مەسىلىنىڭ تۈپ- يىلتىزىنى تېپىشقا تىرىشايلى، پايدىسىغا ئەگىشىپ، ھەقىقەتنى ئاشكارىلايلى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟ زادى نېمىدىن بولدى؟ ئويلىنايلى.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

مەنبە:

https://medium.com/@j00p/the-secret-is-contentment-4ae94bd0508c

# بىر ئايدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2024 -يىلى 10– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 10 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار
(2024-يىلى 10-ئاي)

**10-ئاينىڭ 3-كۈنى**

**ئامېرىكا ئاناۋۇرت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنى چەكلەش تىزىملىكىگە ئىككى خىتاي شىركىتىنى قوشتى**

بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ 10-ئاينىڭ 3-كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، ئامېرىكا ئاناۋۇرت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا ئاساسەن، باۋۇ گورۇھى شىنجاڭ بەي تۆمۈر ۋە پولات-تۆمۈر شىركىتى ۋە جاڭجۇ گۇاڭخۇي يېمەكلىك تەركىبلىرى چەكلىك شىركىتىدىن ئىبارەت ئىككى جۇڭگو شىركىتىنى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن قارا تىزىملىككە كىرگۈزدى. بۇلار بۇ تىزىملىككە قوشۇلغان تۇنجى پولات-تۆمۈر ۋە قوشۇمچە شىركەتلەر بولۇپ ، بۇ تىزىملىك ھازىر كۆپ ساھەدىكى 75 ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاناۋۇرت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكى يەر شارى تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى تۈگىتىش ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

https://www.upi.com/Top_News/US/2024/10/03/blacklist-Chinese-companies-Uyghur-forced-labor/2641727952101/

**10-ئاينىڭ 4-كۈنى**

**خىتاي شىركەتلىرى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش «چىگىش بىر تېپىشماق»**

«نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتى» 2024-يىلى 10-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، خىتاي Calvin Klein ۋە Tommy Hilfiger نىڭ ئانا شىركىتى PVH ئۈستىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن مەھسۇلاتلارغا قارىتا «چەتكە قېقىش» نى يولغا قويىدى دەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ تەكشۈرۈش خەلقئارا شىركەتلەرنىڭ خىتاينىڭ تەمىنلەش زەنجىرىگە تايىنىش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىتايدىكى تىجارىتىنىڭ سىجىللىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتتى.

بۇ تەكشۈرۈش PVH نىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن پاختا ياكى كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىشنى ئازايتىش قارارىدىن كەلگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان يەر شارى پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەخمىنەن% 20 نى ئىگىلەيدۇ. PVH نىڭ بۇ قارارى شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان قايتا تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، كەڭ

كۆلەملىك سولاش ۋە قايتا تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدا قامالغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان تەتقىقاتلارغا جاۋاب بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

https://www.nytimes.com/2024/10/04/business/china_xinjiang.html

**10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى**

**ياۋروپا پارلامېنتى خىتايىنى ئۇيغۇر دوختۇر گۈلشەن ئابباس ۋە ئىقتىسادشۇناس ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى**

كىشىلىك ھوقۇق خەلقئارا مۇلازىمىتى (ISHR)نىڭ 10 ـ ئۆكتەبىردىكى ئۇچۇرى. ياۋروپا پارلامېنتى بېيجىڭنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى ، جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە قارشى تۇرۇش جىنايىتىنى ئەيىبلەپ، خىتايىنى ئۇيغۇر دوختۇر گۈلشەن ئابباس ۋە ئىقتىسادشۇناس ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى. قاراردا چېتىپ جازالاش ۋە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن بولۇپ، دوكتور گۈلشەن ئابباسنىڭ تۇتۇلۇشى سىڭلىسىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىش ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. قاراردا يەنە ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە ب د ت نىڭ ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش، شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىش ۋە خىتايىنى جاۋابكارلىققا تارتىش تەلەپ قىلىندى.

https://ishr.ch/latest_updates/eu_parliament_urges_china_to_release_uyghur_doctor_gulshan_abbas_economist_ilham_tohti/

**10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى**

**خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نېمە قىلالايدۇ؟**

2024 ـ يىلى 27 ـ ئاۋغۇست ، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىسىنىڭ باياناتچىسى راۋىنا شامداسان خىتاينىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈرگەن. ئۇ خىتاي دائىرىلىرىنى ئۇيغۇر نوپۇسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان خاتا قانۇن ۋە سىياسەتلەرنى تولۇق تەكشۈرۈشكە چاقىرغان.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ، 2024 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ، خىتاي تەرەپ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى بىلەن كۆرۈشكەندە ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىنى تۈزەش ئۈچۈن غەرب يېتەكچىلىكىدە تەۋسىيە قىلىنغان تەكلىپلەرنىڭ 70% نى

قوبۇل قىلىشقا قوشۇلغان. گەرچە بۇ كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەشلەردەك قىلسىمۇ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش سۈرئىتى ئاستا بولغانلىقتىن، ھەر خىل گۇرۇپپىلار ئارىسىدا ئۇمىدسىزلىك يەنىلا مەۋجۇت.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى ئىشخانىسىنىڭ 2022-يىلدىكى دوكلاتىدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش ھەققىدىكى ئەيىبلەشلەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن دېيىلگەن ئىدى.

https://theowp.org/reports/chinas_alleged_human_rights_violations_of_uyghur_people_what_can_the_u_n_do/

**10-ئاينىڭ 17-كۈنى**

**كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاينى ناھەق قامالغان ئۇيغۇر فىلىم ئىشلىگۈچىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى**

كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى تورىبېكىتىنىڭ 17-ئۆكتەبىردىكى خەۋرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر فىلىم ئىشلىگۈچىسى ئىكرام نۇرمەمەت تۈركىيىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن سىياسىي جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ، خىتاي سوتى تەرىپىدىن ئالتە يېرىم يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى نۇرمەمەتنىڭ ئىقرار قىلدۇرۇلۇش ئۈچۈن قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. ئۇنىڭ دېلوسى خىتاينىڭ «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» ئارقىلىق چەتئەل بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئۇيغۇرلارنى نىشانلاپ داۋاملىق باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاينى نۇرمەمەت ۋە باشقا قانۇنسىز تۇتۇلغان ئۇيغۇرلارنى قويۇپ بېرىشكە چاقىرغان.

https://www.hrw.org/news/2024/10/17/china_free_unjustly_convicted_uyghur_filmmaker

**10-ئاينىڭ 17-كۈنى**

**لىبورىستلار پارتىيەسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھۆكۈمى بېرىش مەيدانىدىن يېنىۋالدى**

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ 2024-يىلى 17-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيە لىبورىستلار پارتىيەسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ھەرىكىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىلگىرىكى مەيدانىنى ئۆزگەرتكەن. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ ئۆزگىرىش خىتاي بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئارزۇسىنىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرىغان. تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋىد لامى بېيجىڭدىكى زىيارىتى داۋامىدا ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن ئەخلاقىي ئويلىنىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغان سوئاللارغا دۇچ كەلگەن.

https://www.theguardian.com/world/2024/oct/17/labour-backtracks-genocide-ruling-china-uyghurs-lammy-visit

**10-ئاينىڭ 22-كۈنى**

**ئۇيغۇر پائالىيەتچى لىبورىستلار پارتىيىسىنىڭ خىتايغا قارشى تۇرالمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى**

مۇھاپىزەتچى گېزىتىنىڭ 2024-يىلى 22-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە دېيىلىشىچە، كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر پائالىيەتچى رەھىمە مەھمۇت خانىم ئەنگلىيە لىبورىستلار (ئەمگەك) پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە خىتايىنى ئەيىپلىمىگەنلىكىنى تەنقىد قىلدى. بۇ تەنقىد لىبورىستلار (ئەمگەك) پارتىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەخلاق مەسئۇلىيىتىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ خىتاينىڭ قىلمىشلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلىش مەيدانىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. بۇ قارار كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللىغۇچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى.

https://www.theguardian.com/world/2024/oct/22/uyghur-activist-accuses-labour-of-failing-to-stand-up-to-china

**10-ئاينىڭ 28-كۈنى**

**خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى يېڭى رەھبەرلىك قوشۇنىنى سايلاپ چىقتى**

ئەنى ئاگېنتلىقى (ANI)نىڭ 2024-يىلى 28-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى 8-نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيىنى سېربىيە پايتەختى سارايېۋودا ئۆتكۈزۈپ يېڭى رەھبەرلىك قوشۇنىنى سايلاپ چىقتى. 10-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە ئېلىپ بېرىلغان بۇ پائالىيەت ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى

ئىستراتېگىيىلىك پىلانلىغان. قۇرۇلتايدا تۇرغانجان ئالاۋۇدۇن دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى، روشەن ئابباس خانىم ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ئۇيغۇر مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تونۇلغان خەلقئارالىق تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى دۇنياغا پاش قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. يېڭى رەھبەرلىكنىڭ سايلىنىشى بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغداشتىكى بۇرچىغا قايتىدىن دىققەت ئېتىۋار قوزغىغان.

https://www.aninews.in/news/world/asia/new-leadership-elected-at-world-uyghur-congress-amidst-ongoing-struggles-against-chinese-oppression20241028130117/

**10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى**

**دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەھدىتلەرگە قارىماي قاتتىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئاستىدا بوسنىيەدە يىغىن ئاچتى**

رويتېرس ئاگېنتلىقى 2024-يىلى 29-ئۆكتەبىر خەۋىرى. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى بوسنىيەنىڭ سارايېۋودا يىغىلىپ، پائالىيەتنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى تەھدىت ۋە تاشقى بېسىملارغا قارىماي قاتتىق بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئاستىدا يىغىن ئۆتكۈزگەن. 25 دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر خىتايدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى مۇزاكىرە قىلدى. خىرىسلارغا قارىماي، قۇرۇلتاي ئۇيغۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ئىرادىسىنى دۇنياغا نامايەن قىلغان.

https://www.reuters.com/world/europe/uyghur-rights-body-meets-bosnia-under-tight-security-over-threats-2024-10-29/

شۈڭقار تېكىن تەييارلىدى




تۈركىيەدىكى قانۇن پەنلىرى پروفېسسورى، تونۇلغان ئادۋوكات، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزچىل قوللىغۇچىسى، مەرھۇم ئىلياس دوغان ئەپەندى (1963-2024)



# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

قەھرىمانلىرىنى ئۇنۇتمىغان مىللەت ئەركىنلىك كۈرىشىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ.